
بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# المسلم الصيني

1

1988

جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنى 32 يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنىڭ يىغىن سەھنىسىدە. ئالدىنقى رەت ئوڭدىن سولغا: ماشيەن، جاۋ يەننيەن، جاڭ جيې، بۇرھان شەھىدى، شېن شياشى، چى نەي، ما ۋېيجى (بۇ كەيفېڭ فوتوسى)





جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ پەخرىي باشلىقى ما سۇڭتىڭ ئاخۇنۇم ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا سۆز قىلىۋاتىدۇ. (يۈ كەيفېڭ فوتوسى)

جۇڭگو خەلقئارا ئالاقە جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ جىشياڭ باشچىلىقىدىكى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى شېن شياشى مۇئاۋىن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو خەلقئارا ئالاقە جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 1987 ـ يىل 6 ـ ئايدا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىدە زىيارەتتە بولدى. ئىستانبۇلدىكى كۆك مەسچىت ئالدىدا چۈشكەن خاتىرە سۈرەت. ئالدىنقى رەت سولدىن 4 ـ كىشى جاڭ جىشياڭ، سولدىن 2 ـ كىشى شېن شياشى (سۈرەتنى شېن شياشى ئەۋەتكەن)



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

(پەسىللىك ژۇرنال)

1

1988 ـ يىل

(ئومۇمىي 30 ـ سان)


## مۇندەرىجە


**مۇھەممەت. ئەلى. جاڭ جىيغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز** ............ يى دىڭ ( 3 )

جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنى 1982 ـ يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى

ئۆتكۈزدى ................................ يى شىن ( 5 )

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنىدە ئوقۇش باشلاندى ........ سۇ شېڭجى ( 9 )

چىڭخەي ئۆلكىلىك ئىسلام شۆيۈەنىدە ئوقۇش باشلاندى ................ يۇ سۇپ ( 11 )

جېڭجۇ ئىسلام شۆيۈەنىدە ئىسلام دىنى بىلىملىرى لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى ......... رېن چاشەن ( 12 )

يىنچۇەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تالىپلاردىن ئەستايىدىل ئىمتىھان

ئالدى ................................ خەن كې ( 13 )

جۇڭگو ئىسلام دىنى 5 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش

ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە ................................ ( 16 )

شاڭخەي شەھىرىدە مەسچىت باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى ......... ( 25 )

شىچاڭ شەھىرى شاگويىڭ مەسچىتى ئۆز چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشتا ئۇنۇم

ھاسىل قىلدى ................................ ما سىرۇي، ما سىشۇن ( 26 )

ۋەز — ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىن بولايلى ................ ياڭ ليەنكەي ( 31 )

«ئەرەبچە (ئىجتىمائىي پەن) كىتابلار مۇندەرىجىسى» ................ يىجەي ( 35 )

شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئەھمىيەت

بەردى ................................ لۇ يى ( 35 )

زىبو شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قانۇن ساۋادىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئۆگىنىش

كۇرسى ئاچتى ................................ ياڭ شۆيىڭ ( 36 )

www.uyghurkitap.com


**جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن زىياپەت ئۆتكۈزدى ........ (37)**

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئېلىياس. شېن شىياشىنىڭ قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە قىلغان سۆزى................................ (38)

سۇدانىنىڭ باش ئەلچىسىنىڭ قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە قىلغان سۆزى ........................................................ (40)

جايلاردا ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ياكى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە خەۋەرلەر ............................................ (42)

شياڭگاڭغا زىيارەت ..........................شېن شىياشى، ما يۈنفۇ (49)

تۈركىيىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن .................................يې دىڭ (52)

ماراكەشكە سەپەر ..................................................لى خۇايىڭ (55)

ماراكەشنىڭ جۈمە كۈنى لېكسىيىچىلىرى يىغىنى ھەققىدە ..................شى كۈنبىن (60)

ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جۇڭگونى زىيارەت قىلدى .........ياڭ جىبو (62)

سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مېھمان جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى .....................مۇستافا (63)

ھاجىلار ھەج-تاۋاپنى ئۇتۇقلۇق ئورۇنلاپ، ۋەتەنگە ئامان-ئېسەن قايتتى .........ما يۈنفۇ (64)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى
.......................................................سۇ شېڭجى فوتوسى (مۇقاۋىدا)


بۇ ژۇرنالنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى خوجا ئابدۇللا ئوسمان، ئوسمان مولىلەك، ماشىگىبىن، نۇربىيە ئەزىز، ئالىمجان سابىت ئىشلىدى.


中国穆斯林(维吾尔文版)1988年第1期 (总30期)　　جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1988-يىل 1-سان

| | |
|---|---|
| 出版：中国穆斯林编辑部<br>地址：北京宣武区南横西街103号 | نەشىر قىلغۇچى: جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تەھرىر بۆلۈمى<br>(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103-قورا) |
| 印刷：民族印刷厂<br>制版：北京市制版厂 | باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى |
| 订购发行：北京伊斯兰教经书流通处<br>地址：北京宣武区南横西街103号 | تارقاتقۇچى ۋە مۇشتىرى قوبۇل قىلغۇچى: بېيجىڭ ئىسلام دىنى كىتابلىرىنى سېتىش ئورنى<br>(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى غەربىي نەنخېڭجېي كوچىسى 103-قورا) |

国内统一刊号：CN 11—1346　　• 公开发行 •　　每册定价：0.50元

☆ 1-ئاينىڭ 15-كۈنى نەشردىن چىقتى ☆

# مۇھەممەت. ئەلى. جاڭجىيغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈرىمىز

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ ئەزاسى مۇھەممەت ئەلى. جاڭ جىيې كېسەل سەۋەبىدىن 1987 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سەھەردە بېيجىڭ دوستلۇق دوختۇرخانىسىدا 70 يېشىدا ئاللانىڭ دەرگاھىغا كەتتى.

مەرھۇمنىڭ جەسىدى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمى 17 - كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلدى.

پېڭ جېن، ۋۇلەنفۇ، شى جۇڭشۈن، تيەن جىيۈن، چېن پېيشيەن، پېڭ چۇڭ، ۋاڭ رېنجۇڭ، ئاپېي ئاۋاڭجىنمېي، بەنچەن ئېردېنى چۆجىجەنزەن، سەيپىدىن ئەزىزى، ياڭ جىڭرېن، ليۇ لەنتاۋ، بۇرھان شەھىدى، فېي شياۋتۇڭ، جاۋ پۇچۇ ۋە ۋاڭ فېڭلار، شۇنىڭدەك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتى، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار گۈل چەمبىرەك تەقدىم قىلدى؛ بۇنىڭدىن باشقا يەنە يەن مىڭفۇ، ۋاڭ دىڭگو، ئىسمايىل ئەمەت، ۋۇ ليەنيۈەن، رۇەن چۇڭۋۇ، ۋۇ شياڭبى، ليۇ جىيۈەن، ليۇ گېيپىڭ، ماچىڭنيەن، رېن ۋۇجى، ئەيشىن جۆلو پۇجيې، مايۈيخۇەيلەر ۋە خېبېي ئۆلكىسى ساڭجۇ ۋىلايىتى، ساڭجۇ شەھىرى، ساڭشيەن ناھىيىسى مەسچىتى، بېيجىڭ سىفەن داشۆسى ئوتتۇرا مەكتىپى، بېيجىڭ شەھەرلىك مىللىي - دىنىي ئىشلار باشقارمىسى، شۈەنۋۇ رايونلۇق ھۆكۈمەت، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش، گەنسۇ، نىڭشيا، شەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ئىسلام شۆيۈەنلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنى قاتارلىق ئورۇنلارمۇ گۈل چەمبىرەك تەقدىم قىلدى.

شى جۇڭشۈن، تيەن جىيۈن، چېن پېيشيەن، ليۇ لەنتاۋ، ۋاڭ رېنجۇڭ، ئاپېي ئاۋاڭجىنمېي، ياڭ جىڭرېن، بۇرھان شەھىدى ۋە ۋاڭ خەنبىن، ۋاڭ دىڭگو، ئىسمايىل ئەمەت، گۇ داچۈن، يۇ ۋېن، ۋۇ شياڭبى، گاۋ دېڭباڭ، زاشى ۋاڭشۇ، پىڭسو ۋاڭجيې، لى گۇي، جاۋ يەننيەن، جيا جېن، ليۇ گېيپىڭ، ۋۇ ليەنيۈەن، خۇاڭ گۇاڭشۆ، چاڭ جيې، مايۈيخۇەي، دەن تۇڭ، بەي شۇيى، لى رۇڭشى، جېڭ گو ھەمدە مۇھەممەت ئەلى. جاڭ جىيېنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى باشقا دوست - بۇرادەرلىرى بولۇپ جەمئىي 300دىن ئارتۇق كىشى مەرھۇمنىڭ جەسىدى بىلەن ۋىدالىشىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

17 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەرھۇمنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى سالىھ. ئەن شىۋېي ئاخۇنۇم مەرھۇمنىڭ نامىزىنى چۈشۈردى، جۇڭگو ئىسلام

www.uyghurkitap.com

جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئېلياس. شېن شياشى، مۇئاۋىن مۇدىرى سالىھ ئەن شىۋېي، سۇلايمان. جاڭ بىڭدو، نۇرمان. ماشيەن، ئەھمەت ۋاجىدىلار ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەزالىرى، بېيجىڭ شەھىرىدىكى ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-مەزىنلىرى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ بارلىق خىزمەتچىلىرى، ئوقۇغۇچىلىرى مەرھۇمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئەلى. جاڭ جيېنىڭ جەسىدى بېيجىڭ شەھىرى ئەتراپىدىكى شىبېيۋاڭ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى. تۇپراق بېشىدا ۋە مەرھۇمنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى ئائىلىسىگە قايتقاندىن كېيىن قۇرئان كەرىم قىرائەت قىلىندى.

مۇھەممەت ئەلى. جاڭ جيېنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغان مەزگىلدە، مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ جىڭرېن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ لىيەنيۈەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ۋاڭ خۇدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يۇ ۋېن، ۋاڭ گوي، پىڭسو ۋاڭجيېلار ۋە گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجى قاتارلىقلار دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۇنى يوقلىغانىدى. مۇھەممەت ئەلى. جاڭ جيېنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان مەزگىلدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئېلياس. شېن شياشى، مۇئاۋىن مۇدىرى نۇرمان. ماشيەن ۋە جاڭ جيېنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇنىڭ يېنىدا بىللە بولدى.

مۇھەممەت ئەلى جاڭ جيې 1952-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىش ۋە قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتىگە قاتناشتى ۋە بۇ ئىشنى ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولدى. 1953-يىلى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ جەمئىيەتنىڭ باش كاتىپى، مۇئاۋىن مۇدىرى ۋە مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى، 1987-يىلىنىڭ بېشىدا، جۇڭگو ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا جەمئىيەتنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ سايلاندى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلەپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىسلام دىنىغا دائىر خىزمەتلەرنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردى؛ مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ھەرمىللەت زاتلىرىنى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنى سەممىي ۋە قىزغىن ھالدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئاكتىپ تۈردە ھۆكۈمەتكە ھەمكارلىشىپ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى؛ ئۇ جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئېلىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى؛ ئۇ يەنە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىش ئىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، كەڭ مۇسۇلمانلارغا مىللىي سىياسەت ۋە دىنىي سىياسەتنى، ئىسلام مەدەنىيىتىگە دائىر بىلىملەرنى تەشۋىق قىلدى. مۇھەممەت ئەلى. جاڭ جيې ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن ئىسلام ئەللىرى بىلەن بولغان دوستانە باردى-كەلدى

ئىشلىرىنى ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇردى، ئۇ كۆپ قېتىم جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج-تاۋاپ قىلىش ئۈمىكىنى باشلاپ مەككىگە بېرىپ ھەج-تاۋاپ پەرزىنى ئادا قىلدى، كۆپ قېتىم جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن بەزى ئىسلام ئەللىرىدىكە زىيارەتكە بېرىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بىلەن چەت ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ۋە دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولىدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

مۇھەممەت ئەلى. جاڭ جيې ئىزچىل تۈردە مىللىي ۋە دىنىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېلىمىزنىڭ مىللەتلەر باراۋەرلىكى سىياسىتىنى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش ئاكتىپلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى قوشۇپ، كەڭ تۈردە ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولدى.

(يى دىڭ)

---

# جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنى 1982-يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى

**يى شىن**

جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنى 6-ئاينىڭ 24-كۈنى، 82-يىللىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزدى. مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى بۇرھان شەھىدى، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چى نەي، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى جاڭ جيې، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى شېن شياشى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ پەخرىي باشلىقى ما سۇڭتىڭ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەن شىۋېي، ما شيەن، ئەھمەت ۋاجىدى، ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ما ۋېيجى، ياڭ زۇڭشەنلەر مۇراسىمغا قاتناشتى. ما ۋېيجى مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى ۋە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەبرىكلىدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى، ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى شېن شياشى سۆزىدە ئالدى بىلەن، مۇراسىمغا قەدەم تەشرىپ قىلغان رەھبەرلەرگە ۋە مېھمانلارغا چىن كۆڭلىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەشەككۈر ئېيتتى؛ ئۇ ئىسلام شۆيۈەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بەش يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچى، دەرسلىك ۋە ئۈسكۈنە كەم بولۇشتەك كۆپ تەرەپلىمە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنى، مەقسىتىگە ئاساسەن، ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئىسلام دىنىغا دائىر خېلى يۇقىرى بىلىمگە ۋە بىر قەدەر يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان بىرىنچى تۈركۈم ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى ھەمدە بۇ ھال پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىسلام دىنى تەربىيىسى جەھەتتە كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنى تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارىدى.

ئۇ مۇنداق دېدى: مۇشۇ قاراردا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلار بەش يىلدىن بېرى شۆيۈەندىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ جاپالىق يېتەكلىشى ئارقىسىدا ئىسلام دىنىغا دائىر كەسپىي بىلىملەرنى ۋە ئالىي مەكتەپنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەرگە دائىر ئاساس دەرسلىرىنى بېرىلىپ ئۆگىنىپ، دىنىي قائىدىلەرگە ئەستايىدىل ئەمەل قىلىپ، دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىپ كەلدى، ساۋاقداشلارنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلىنىشى، كەسپىي، مەدەنىيەت ساپاسى بىر قەدەر ياخشى بولدى. ساۋاقداشلارنىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ بىلىم ئېلىش روھى ئىنتايىن قىممەتلىك. بىز بۇلارنى كۆرگىنىمىزدە چەكسىز شاتلىققا چۆمىلىمىز.

مۇدىر شېن شياشى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلارغا بىرنەچچە تەلەپ قويدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلارنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىدا، مەۋقەنى ھازىرقى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىنى؛ ئىسلام يولىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشۇشىنى؛ بەش يىلدىن بۇيان ئۆگەنگەن دىنىي بىلىملىرىنى بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيەت داۋامىدا تەتبىقلىشىنى؛ كەڭ مۇسۇلمانلارغا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا تەشۋىق قىلىشىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ۋە ئۇنىڭغا دائىر مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىپ، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇشنى ئۈمىد قىلدى.

ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەمتەر-ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۆگىنىشنى ئۈزۈپ قويماي داۋاملاشتۇرۇشىنى، بىلىمىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، نەتىجە قازىنىشىنى ئۈمىد قىلدى. ئۇ سۆزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "بۆشۈكتىن لەھەتكىچە ئىلىم تەلەپ قىلىڭلار" دېگەنگە ئوخشاش تەلىملىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ساۋاقداشلارغا مەكتەپ تۇرمۇشىنى ئاياغلاشتۇرغان بولسىمۇ، يارىملىق كىشىلەردىن بولۇپ يېتىلىش يولى تېخى ناھايىتى جاپالىق بولىدىغانلىقىنى، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇش ئۈچۈن، ئۆگىنىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، يېڭى ئۆگىنىشنىڭ ئەمدىلا باشلانغانلىقىنى، ئوقۇش پۈتتۈرۈشنى تازا بېرىلىپ ئۆگىنىشنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىشى لازىملىقىنى تەۋسىيە قىلدى.

ئۇ ساۋاقداشلارنىڭ ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، پىشقەدەم ئاخۇنۇم ۋە ئۆلىمالارغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشنى ئۈمىد قىلدى ھەمدە بۇنداق قىلىشمۇ ئىسلام دىنىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، ئۇنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك دېدى.

مۇدىر شېن شياشى مۇنداق دېدى: سىلەرنىڭ پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، لۇشيەن ۋە سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش داۋامىدا، پەرق ئېتىش ئىقتىدارىڭلارنى داۋاملىق ئاشۇرۇپ، ئۆزەڭلەرنىڭ ئىدىيىۋى تونۇشىنى، ئىشلەۋاتقان ئىسلام دىنىغا دائىر خىزمىتىڭلارنى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشۇڭلار ۋە ماسلاشتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تېخىمۇ ئوبدان، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ئىشىغا پائال قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىگىلى، مىللەتلەر ئىتتىپاقى ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئىتتىپاقى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىگىلى بولىدۇ.

مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى بۇرھان شەھىدى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ پەخرىي باشلىقى ما سۇڭتىڭ ئاخۇنۇممۇ ئۆزلىرىنىڭ سۆزىدە، ئىسلام شۆيۈەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن بىرىنچى قارارلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا سەمىمىي تەلىم بېرىپ مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دىنىي ئىشلارنى يولغا قويۇش ئورۇنلىرىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يولىدا ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش يولىدا تىرىشىپ خىزمەت قىلىڭلار، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۆزەڭلەردە قەتئىي دىنىي ئەقىدە يېتىلدۈرۈپ، ئۆزەڭلەرنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، ئىسلام دىنىنى ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرىدىغان ۋە ماسلاشتۇرىدىغان، ۋەتەننىمۇ، دىنىنىمۇ سۆيىدىغان لاياقەتلىك ئىسلام دىنى خىزمەتچىلىرىدىن بولۇپ چىقىڭلار. گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چى نەيمۇ مۇھىم سۆز قىلدى. بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شى كۇنبىن ئاخۇنۇم شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋە نيۇجيې رايونىدىكى مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن ھەمدە كونا مەكتەپداشلىق سالاھىيىتى بىلەن، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى چىن قەلبىدىن تەبرىكلىدى ۋە ئۇلارنىڭ ئوبدان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۈگۈن ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى يېڭى تارىخىي دەۋردە دىنىي سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلەشكەنلىكىنىڭ جانلىق ئىپادىسى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن زور ئىلھام. شى كۇنبىن ئاخۇنۇم قۇرئان كەرىمدىكى تەلىمنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئىسلام دىنىنىڭ پانىي دۇنياغىمۇ، باقىي دۇنياغىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىش روھىغا ئاساسەن، ئىككىلا دۇنيادا بەختلىك بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشنى

ھەمدە مۇشۇ مەقسەتتە بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى سەممىي ئۈمىد قىلدى. ئۇ كۆپچىلىكنى رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: ساۋاقداشلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ سەممىي ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماسلىقىڭلار، تەقسىماتقا بويى سۇنۇشۇڭلار، داۋاملىق تىرىشىش ئۈستىگە بېرىلىپ ئۆگىنىشىڭلار، كەمتەرلىك بىلەن پېشقەدەم ئاخۇنۇملاردىن ئۆگىنىپ، بەلگىلىك بىلىمگە ئىگە بولغان، ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولغان، مۇسۇلمانلارنىڭ ھىمايىسىگە ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان ياش ئىماملاردىن بولۇپ چىقىشىڭلار كېرەك.

ئاخىردا ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ۋەكىلى مالىچياڭ ئۆزىنىش سۆزى قىلدى، ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى كاڭ مىڭجيې خوشلىشىش سۆزى قىلدى. كاڭ مىڭجيې ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قەدەم تەشرىپ قىلغان رەھبەرلەر ۋە مېھمانلارغا ئوقۇش پۈتتۈرگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلار نامىدىن تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلارنىڭ بەش يىلدىن بۇيان ئىسلام شۆيۈەنىدە ئۆگىنىش، ئۆسۈپ يېتىلىش داۋامىدا ئېلىگىرىلىگەن ھەر قەدىمىنىڭ دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قان-تەرى سىڭگەنلىكىنى ئەسلەپ ئۆتتى، بۇ ھەقتە سۆزلەپ كېلىپ ئۇ، ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىنى، رەھبەرلەرنىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قان-تەر سىڭدۈرگەنلىكىنى مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلايمىز دېدى. ئۇ، بىز رەھبەرلەر، ئوقۇتقۇچىلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ سەممىي ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويمايمىز، رەھبەرلەرنىڭ ۋە مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەن 30 نەپەر ساۋاقداشنىڭ چىن يۈرەك سۆزى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئارزۇسىنى قوبۇل قىلىشىنى ئۆتۈنىمىز: ئۆزىمىزنى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا بېغىشلاش ئىرادىسىنى تىكلەپ، تىرىشىپ ۋەتەنىنىمۇ، دىنىنىمۇ سۆيىدىغان، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك ئىماملاردىن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى يېتەكلەپ، دىنىي پەرزلەرنى ئادا قىلىپ، ھەقىقىي تۈردە ھۆكۈمەت بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رولىمىزنى جارى قىلدۇرىمىز.

ئوقۇش پۈتتۈرگەن ساۋاقداشلار ئانا مەكتىپىگە "باغۋەنىنىڭ ئەجرىدە گۈل-غۇنچىلار خۇشپۇراق چاچتى" دېگەن خەتلەر يېزىلغان لەۋھەنى تەقدىم قىلدى. شۆيۈەن رەھبەرلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا «قۇرئان كەرىم»، ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ۋە ناماز كىيىمى تەقدىم قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ رەھبەرلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە سۈرەتكە چۈشتى.

مۇراسىم شات-خۇراملىق ئىلكىدە ئاياقلاشتى.

مۇراسىمغا قاتنىشىپ تەبرىكلىگەنلەر ئىچىدە دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ يەننيەن، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، نىڭشيا ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى ليۇ جىڭلۇڭ، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرىمۇ بار.

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنىدە ئوقۇش باشلاندى

**سۇ شېڭچى**

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سەمىمىي غەمخورلۇقىدا، ھەم ئۇيغۇر بىناكارلىقى تۈسىنى ئالغان، ھەم ئىسلام بىناكارلىقى تۈسىنى ئالغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ بىناسى ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تۇتۇش قىلىش ئارقىسىدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يەنئەن كوچىسىدا قەد كۆتۈردى. بۇ قۇرۇلۇش بەش قەۋەتلىك ئوقۇتۇش بىناسى بىلەن ئازكەم مىڭ كىشى سىغىدىغان بىر مەسچىتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 5500 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بەش يىل بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە ئوتتۇراھال دىنىي بىلىم سەۋىيىسى بولغان، ۋەتەننىمۇ، دىننىمۇ سۆيىدىغان ئوغۇل ياشلار قوبۇل قىلىنىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىماملار ۋە مەزىنلەر تەربىيىلىنىدۇ. بۇ قارارلىق بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا 60 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نەچچە ئون ئاز سانلىق مىللەت ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئون مىللەت خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، بۇلار ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي ئاھالىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدۇ. پارتىيىنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇپ، نورمال دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بىر قەدەر يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە ياش دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقى ھەم قوللىشى ئارقىسىدا، 1983-يىلى شىنجاڭ ئىسلام شۆيۈەنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىنغانىدى، بۇ شۆيۈەن بىناسى 1987-يىلى پۈتتى. 6-ئاينىڭ 12-كۈنى داغدۇغىلىق ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ ئېنماۋ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يەن مىڭفۇ، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمايىل ئەمەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەت، سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ رەھبەرلىرىدىن سوڭ خەنلياڭ، تۆمۈر داۋامەت، جانابىل، ھامدىن نىياز، باداي، ئىسمايىل ياسىنوۋ، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، سەيپۇللايوۋ، قىدىر باي، خەن يۇۋېن، مامىڭلياڭ، تاھىر مەمتىلى ۋە ئىسمايىل مەخسۇت قاتارلىقلار قاتناشتى؛ ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرىمۇ تەكلىپكە بىنائەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇراسىمغا قاتناشتى؛ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكى زاتلار، ئۆلىمالار ۋە بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدىكى بارلىق كۇرسانتلاردىن بولۇپ 300 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. مۇراسىمغا ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماشۋېن رىياسەتچىلىك قىلدى، مۇراسىمدا ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھارۇنخان ھاجىم «قۇرئان كەرىم»نى قىرائەت قىلدى، ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت سالىھ مۇراسىمغا قەدەم تەشرىپ قىلغان رەھبەرلەر، مېھمانلار، ئىسلام شۆيۈەنىگە غەمخورلۇق قىلغان ۋە ياردەم بەرگەن دوستلار، يولداشلارنى ئىسلام شۆيۈەنىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلار نامىدىن قىزغىن قارشى ئالدى ۋە ئۇلارغا تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنى شىنجاڭنىڭ تارىخىدا ئىسلام دىنى بويىچە ئېچىلغان تۇنجى ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۆيۈەنىمىزنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنى ۋە مەقسىتى سىياسىي جەھەتتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغان، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىگە رىئايە قىلىدىغان، ئىسلام دىنىغا دائىر خېلى يۇقىرى بىلىمگە ۋە بەلگىلىك پەن-مەدەنىيەت بىلىمىگە ئىگە بولغان، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، كەڭ ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرالايدىغان، ياش دىنىي كەسپىي خادىملار قوشۇنىنى پىلانلىق ۋە تەشكىللىك ھالدا يېتىشتۈرۈش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھازىرقى دىنىي كەسپىي خادىملارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ سىياسەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى ئاڭلىق ھالدا ئېلىمىزنىڭ قانۇنلىرى ۋە سىياسەتلىرى يول قويغان دائىرىدە نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان قىلىش. ئۇ چوقۇم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ياردىمى ۋە يېتەكچىلىكىدە، ئىسلام شۆيۈەنىنى تىرىشىپ ئوبدان باشقۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يەن مىڭفۇ مۇراسىمدا ئوقۇغۇچىلارنى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ۋە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى قىزغىن تەبرىكلىدى، ئۇ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى جۈملىدىن پارتىيىنىڭ دىنىي، مىللىي سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، دىنىي بىلىملەرنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈپ، دىنىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەتنى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئوبدان ئۆگىنىپ، مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنى باشلاپ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويالايدىغان بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت مۇراسىمدا سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنى كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان سوتسىيالىزم شارائىتىدا قۇرۇلدى، ئىسلام شۆيۈەنى رەھبەرلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ئىسلام دىنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان مەكتەپ باشقۇرۇش يولىنى تېپىپ چىقىشىنى، دىنىي جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولمىغان، ئاممىنىڭ بېيىشىغا پايدىلىق بولمىغان ۋە سوتسىيا-

لستنك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق بولمىغان كونا ۋە يامان ئادەتلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، كەلگۈسىدە ئۇنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەقىلغە مۇۋاپىق تەكلىپلەرنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھامۇت داموللام مۇراسىمدا سۆز قىلىپ، ئىسلام شۆيۈەنىدە ئوقۇش باشلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى ھەمدە ئىسلام شۆيۈەنىنى ئوبدان باشقۇرۇش توغرىسىدىكى ئۈمىدىنى ۋە تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇراسىمدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ شىنجاڭ ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇش باشلىغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىسى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

مۇراسىم ئاياقلاشقاندىن كېيىن، مۇراسىمغا قاتناشقان رەھبەرلەر مەكتەپنىڭ ياتاقلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى ھەمدە كۆپچىلىك بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

## چىڭخەي ئۆلكىلىك ئىسلام شۆيۈەنىدە ئوقۇش باشلاندى

چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن چىڭخەي ئۆلكىلىك ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنىڭ-دىكى دۇڭگۇەن جامەسىدە ئۆتكۈزۈلدى. ئىسلام شۆيۈەنى تۇرۇشلۇق ئورۇن — شىنىڭدىكى دۇڭگۇەن جامەسىنىڭ قوروسى رەڭگارەڭ بايراقلار بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، شات - خۇراملىق كەيپىياتىغا چۆمۈلگەنىدى. زالنىڭ ئالدى تەرىپىگە يېشىل تاۋاردىن ياسالغان كاتتا پىلاكات ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خەنزۇچە ۋە ئەرەبچە يېزىلغان "چىڭخەي ئۆلكىلىك ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى" دېگەن خەتلەر نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئەتىگەندىلا، شىنىڭ شەھەر رايونىدىكى ۋە بىر قىسىم ئوبلاست، ناھىيەلەردىكى جامائەت، ئۆلكە، شەھەر ۋە رايونلارنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرىمۇ ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇش باشلىغانلىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن مۇراسىمغا كەلدى. جامە ئىچىگە ئېسىلغان رەڭگارەڭ لەۋھەلەر ۋە تەبرىك خەتلىرى ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمغا ھۆسن قوشقانىدى.

چىڭخەي ئۆلكىلىك ئىسلام شۆيۈەنى گوۋۇيۈەن مەملىكەت بويىچە قۇرۇشنى تەستىقلىغان سەككىز ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ بىرى. بۇ شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بەش يىل بولۇپ، ئۇ چىڭخەي ئۆلكىسىدە ئىسلام دىنى بويىچە ئالىي بىلىم يۇرتى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قېتىم شۆيۈەنگە تۇنجى تۈركۈمدە قاتتىق ئىمتىھان ئېلىش ئارقىلىق ياخشىلىرى تاللىنىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىگە ئىگە بولغان ئالتە نەپەر سالا ۋە 24 نەپەر خۇيزۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. ئۇلارنىڭ كىچىكى 18 ياش، چوڭى 25 ياش.

(يۈسۈپ)

# جېڭجۇ ئىسلام شۆيۈەنىدە ئىسلام دىنى بىلىملىرى لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى

خېنەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىلىشىشى بىلەن، جېڭجۇ ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ تەكلىپى بويىچە، كەيفېڭ، لوياڭ، جېڭجۇ ۋە چاڭگېلىق تۆت نەپەر مەشھۇر ئاخۇنۇم 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە ئىسلام دىنى بىلىملىرى بويىچە لېكسىيە ئوقۇدى، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوقۇتۇش تەجرىبىسىنى ئالماشتۇرۇپ، كۇرسانتلارنىڭ دىنىي بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، ئىسلام شۆيۈەنى بىلەن ئاخۇنۇملارنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتتى.

لېكسىيە ئوقۇشقا مۇنۇ تۆت نەپەر ئاخۇنۇم تەكلىپ قىلىندى: لوياڭ شەھەرلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى تيې خۇڭلى، كەيفېڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى شاڭ مىڭدې، چاڭگې ناھىيىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ما مىڭجېن، جېڭجۇ شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى ۋاڭ شاۋچىڭ.

خېنەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، قوشۇمچە باش كاتىپى جاڭ شۆجى لېكسىيىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە مۇراسىمدا سۆز قىلدى، ئۇ جۇڭگو ئىسلام دىنى 5 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، خېنەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ھەمدە لېكسىيە ئوقۇشقا بولغان ئۈمىدى ۋە تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۈچ كۈن داۋام قىلغان لېكسىيىدە، ۋاڭ شاۋچىڭ ئاخۇنۇم "تەۋھىد"تىن، ما مىڭجېن ئاخۇنۇم "ھەدىسشۇناسلىق"تىن، تيې خۇڭلى ئاخۇنۇم "فىقھە"دىن، شاڭ مىڭدې ئاخۇنۇم "دىن ئىلمىنىڭ گۈللىنىشى"دىن لېكسىيە ئوقۇدى. كۇرسانتلار لېكسىيىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، چوڭقۇر بىلىمگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. لېكسىيە ئوقۇشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، تۆت نەپەر ئاخۇنۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە بىلىم تەھسىل قىلىش يولىدىكى جاپالىق كەچۈرمىشلىرىنى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەپ بەردى. تيې خۇڭلى ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدا ئوقۇي دېسە مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىن بارالمىغاچقا، ئۆشنىسىگە يوكتاقىنى ئارتىپ، دىنىي كىتابلارنى ئېلىپ يۈرۈپ، كىيىم ـ كېچەك ۋە يېمەك ـ ئىچمەكنى تېجەپ ئوقۇغانلىقىدەك سەرسانلىق ۋە ئىنتايىن ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ۋاڭ شياچاڭ ئاخۇنۇم ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش داۋامىدا قەلەندەرلەردەك كەمسىتىشكە ئۇچرىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ھازىر ئىسلام شۆيۈەنىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇنچە ئەۋزەل ئۆگىنىش شارائىتىغا ۋە تۇرمۇش مۇھىتىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇ تۆت نەپەر ئاخۇنۇم قاتتىق تەسىرلىنىپ، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرىنىڭ دانا ۋە ئۇلۇغ ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن تەشەككۈر ئېيتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭدىن زور ئىلھام ئالدى.

(رېن چاشىن)

# يىنچۇەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تالىپلاردىن ئەستايىدىل ئىمتىھان ئالدى

خەن كې

ياش ئىمام-مەزىنلەرنى ئەستايىدىل يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش نۆۋەتتە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر دۇچ كەلگەن بىر مۇھىم ۋەزىپە. تالىپلارنىڭ ساپاسىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش-ماسلىشالماسلىقىغىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماي، ئىسلام دىنىنىڭ ئېلىمىز ۋەزىيىتى تەرەققىياتىغا ماسلىشىش-ماسلىشالماسلىقىغىمۇ مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ھالقىدۇر. ئوقۇتۇش ئىشىنى ياخشىلاپ، تالىپلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، يىنچۇەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مەسچىتلەر قوبۇل قىلغان تالىپلاردىن ئىمتىھان ئالدى.

1986-يىل 10-ئاينىڭ ئاخىرلىرى، يىنچۇەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى شەھەر بويىچە 97 مەسچىتتىكى 353 نەپەر تالىپتىن دىنىي بىلىم، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت-بويىچە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئالدى. ئىمتىھان نەتىجىسى 60 نومۇردىن يۇقىرى بولغانلار 239 كىشى بولۇپ، ئىمتىھاندىن ئۆتۈش نىسبىتى 67.5 پىرسەنتنى تەشكىل قىلدى. ئىمتىھاندىن كېيىن ئۇلار شۇنداق دەپ قارىدىكى، بۇنىڭ دىنىي مائارىپنى ئوبدان يولغا قويۇپ، لاياقەتلىك دىنىي كەسپىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە پايدىسى كۆپ بولىدىكەن: (1) شەھەر بويىچە تالىپلارنىڭ ھەقىقىي سانى، دىنىي بىلىم سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت ساپاسى ئىگەللىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىن تالىپلارنى پىلانلىق يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس يارىتىلدى. ھازىر بۇ شەھەردىكى 97 مەسچىتتە جەمئىي 510 نەپەر تالىپ بولۇپ، ھەر بىر مەسچىتتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 5.2 نەپەردىن تالىپ بار ئىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر ئاران 39 كىشى بولۇپ، 7.65 پىرسەنتنى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 291 كىشى بولۇپ، 57 پىرسەنتنى، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكىلەر 176 كىشى بولۇپ، 34.5 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىكەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز ساندا ساۋاتسىزلارمۇ بار ئىكەن. (2) تالىپلارنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى ھەمدە ئېقىم مەسىلىلىرى، سىياسەت سەۋىيىسى ۋە قانۇنغا دائىر بىلىمى ئاشۇرۇلدى. 1986-يىلىنىڭ بېشىدا، ئىمتىھان ئېلىش لايىھىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى تەكرارلاش تىزىسلىرىنى بېسىپ ھەرقايسى مەسچىتلەرگە تارقىتىپ بەردى ھەمدە ھەرقايسى مەسچىتلەردىكى تالىپلارنىڭ تەكرارلاش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇردى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى. تالىپلارنى تەربىيىلەۋاتقان ئىمام-مەزىنلەرمۇ ئاكتىپلىق بىلەن تالىپلارنى ئەستايىدىل دەرس تەكرارلاپ، ئۆگەنگەن دىنىي بىلىملىرىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇيۇشتۇردى. بەزى تالىپلار: ”بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن ئىلگىرى تەكرارلاشنىڭ بىزگە بولغان تۈرتكىسى راستىلا زور بولدى، بىز ئىلگىرى ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى

قايتا تەكرارلاپلا قالماي، بەلكى بىر مۇنچە يېڭى بىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىۋالدۇق" دېيىشتى. ( ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىناۋىتى ئۆستۈرۈلدى. ئىلگىرى بىر مۇنچە دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ئىسلام جەمئىيىتى بولسىمۇ بولىدۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ، رولىنى ئانچە كۆپ جارى قىلدۇرالمايدۇ دەپ قاراشقان. بۇ قېتىم تالىپلاردىن ئىمتىھان ئېلىش داۋامىدا، ئىسلام جەمئىيىتى خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم يىغىن چاقىرىپ، ئىمتىھان ئېلىش لايىھىسى ئۈستىدە مەخسۇس مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ھەرقايسى مەسچىتلەرگە بېرىپ ئىمام-مەزىنلەر بىلەن كەڭ تۈردە كېڭىشىپ، ئۇلاردىن پىكىر ئېلىپ، ئەڭ ئاخىردا لايىھىنى بېكىتتى. تەكرارلاش تىزىسلىرىنى تۈزۈشتىن تارتىپ سوئال چىقىرىپ ئىمتىھان ئالغىچە، ئىمتىھاننى نازارەت قىلىش، ئىمتىھان قەغەزلىرىنى تەكشۈرۈشتىن تارتىپ بۇ ئىشتىن خۇلاسە چىقىرىپ، باھالاش-مۇكاپاتلاش ئىشىنى تاماملىغىچە بولغان خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ئورۇنلىدى، بۇ ھال ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رولىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى ۋە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى.

ئىمتىھان ئېلىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: (1) تەكشۈرۈپ ئەھۋال ئۇقۇشۇپ، تالىپلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئىگەللەپ، ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغانلار بېكىتىلدى. بۇ قېتىمقى ئىمتىھان ئېلىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، 1986-يىل 4-ئايدىن باشلاپ، ئۇلار شەھەر بويىچە ھەرقايسى مەسچىتلەردىكى تالىپلارنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئۇلارنى قايتا تىزىملاپ، ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغانلارنى بېكىتتى. ئومۇمەن يېشى 18 گە تولغان، مەسچىتتە ئىككى يىلدىن ئارتۇق دىنىي بىلىم ئالغان تالىپلار ۋە 1985-يىلى ئىمام-مەزىنلەردىن ئېلىنغان ئىمتىھانغا قاتناشمىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ قېتىمقى ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغانلىقى، 1986-يىلى مەدرىسكە كىرگەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان ئىمام-مەزىنلەرنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىغا ئوقۇشقا كىرگەن ھەمدە ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى ئالغان ئىمام-مەزىنلەردىن ئىمتىھان ئېلىنمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. (2) دېموكراتىك كېڭىشىش ئارقىلىق، ھەققىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان ئىمتىھان ئېلىش-باھالاش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى. ئىمام-مەزىنلەردىن، تالىپلاردىن ۋە ئاممىدىن كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا تولۇق كېڭىشىش ۋە مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئاخىردا ئىمتىھان ئېلىش-باھالاش پرىنسىپى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى. خەنزۇچە بىلەن ئەرەبچىنى بىرلەشتۈرۈش، ئەرەبچىنى ئاساس قىلىش، دىنىي بىلىم بىلەن سىياسەت سەۋىيىسىنى بىرلەشتۈرۈش، دىنىي بىلىمنى ئاساس قىلىش، دىنىي كىتابلار جەھەتتە ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى جەھەتتىكى ئاساسى بىلەن چۈشەندۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈش، گىراماتىكا ئاساسىنى ئاساس قىلىش ئىمتىھان ئېلىش-باھالاشنىڭ پرىنسىپى قىلىندى. تالىپلارنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، سەۋىيىسى ئوتتۇرا ھال ۋە تۆۋەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئىمتىھان سوئاللىرى چىقىرىلدى، جاۋاب بېرىش شەرت بولغان سوئال بىلەن تاللاپ جاۋاب بېرىلىدىغان سوئالنى بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، تالىپلارنىڭ جاۋاب بېرىش شەرت بولغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىش ئاساسىدا، "تەجۋىد"، "ئەللۇئلۇئۇ ۋەلمەر-

جان" ۋە «شەرھىي ۋىقايە» دېگەن كىتابلارنىڭ خالىغان بىرىنى تاللاپ چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىدى، بۇنىڭ بىلەن ھەم تالىپلاردىن ئومۇمىي ساۋات جەھەتتە ئىمتىھان ئېلىنىدى، ھەم مەسچىتلەردىكى تالىپلارنىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتى ئوخشاش بولماسلىق ئەھۋالىغا ئېتىبار بېرىلدى، نەتىجىدە ئىمتىھانغا قاتناشقان تالىپلار ئۆز سەۋىيىسىنى تولۇق جارى قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ، غەم-ئەندىشىنى تۈگىتىپ، ئىشەنچىسىنى كۈچەيتتى. (3) ئىمتىھان مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلى: ئۈچ دەرستىن ئېغىزچە ۋە يازما ئىمتىھان ئېلىش بەلگىلەندى. بۇ ئۈچ دەرسنىڭ بىرى ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى ئاساسى، يەنە بىرى سىياسىي، مەدەنىيەت (ئېقىم مەسىلىلىرى، سىياسەت، قانۇن ساۋاتلىرى، دىنغا دائىر ساۋات ۋە ماقالە يېزىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، بۇ ئىككى دەرستىن بىر تۇتاش يازما ئىمتىھان ئېلىش بەلگىلەندى؛ ئۈچىنچىسى، دىنىي كىتابنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بولۇپ، بۇنىڭدا ئېغىزچە ئىمتىھان ئېلىنىدىغان بولدى. بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن ئۈچ دىنىي كىتابتىن باشقا دىنىي كىتابلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەنلەر بىرىنچى دەرىجىلىك، ئىككى دىنىي كىتابنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەنلەر ئىككىنچى دەرىجىلىك، بىر دىنىي كىتابنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەنلەر ئۈچىنچى دەرىجىلىك قىلىپ باھالىنىدىغان بولدى. يۈزلۈك نومۇر بويىچە بىر دەرس-بىر دەرستىن نومۇر قويۇلۇپ، يازما ئىمتىھان نومۇرى بىلەن ئېغىز ئىمتىھان نومۇرىنى قوشۇپ ھېسابلاش ئارقىلىق ئومۇمىي نەتىجە چىقىرىلىدىغان بولدى. پۈتۈن شەھەردىكى ھەرقايسى رايون ۋە ناھىيىلەردە بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىنىدى ۋە بىر تۇتاش نومۇر قويۇلدى. ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ تالىپلىق لاياقىتى ئېتىراپ قىلىنىدى، ئۇلار تىزىمغا ئېلىنىدى ۋە ئۇلارغا تالىپلىق گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى. (4) تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش خىزمىتى ئوبدان ئىشلەندى. ئىمتىھان ئېلىش ئىشىدا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن ۋە بىر قىسىم ئىمام-مەزىنلەردىن تەركىب تاپقان "تالىپلاردىن ئىمتىھان ئېلىپ باھالاش ھەيئىتى" تەشكىللەندى، ھەرقايسى ناھىيە ۋە رايونلاردىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئىمتىھان ئېلىپ باھالاش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى.

بۇ قېتىمقى ئىمتىھان ئارقىلىق ئۇلار مۇنداق مەسىلىلەرنى بايقىدى: (1) تالىپلارنىڭ سانى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولسىمۇ مەدەنىيەت سۈپىتى ناچار ئىكەن؛ (2) ھېلىمۇ كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىۋېتىپتۇ، ئۆگىنىش مەزمۇنى بىرخىللا ئىكەن. بەزى ئىمام-مەزىنلەر تالىپ تەربىيەلەش شەرتىنى ھازىرلىمىغان، ئۇلار شۇنداق بولۇشىغا قارىماي باشقىلارنى دوراپ تالىپ قوبۇل قىلىۋەرگەن؛ (3) ئوقۇتۇشتا بەلگىلىك پىلان بولمىغان، ئوقۇتۇش مەقسىتى ئېنىق ئەمەسكەن، دەرسلەر ۋە ئوقۇتۇش ۋاقتى قاتارلىقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا بەلگىلىك پىلان ۋە تەلەپ بولمىغان، ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا قاتتىق تەلەپ بولمىغان، بەزى جايلاردا بولسا، شۇ جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىقتىسادىي سىلىقىنى كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا قارىماي، ھە دەپ سان قوغلاشقان.

ساقلانغان بۇ مەسىلىلەرگە ئاساسەن، يىنچۇەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مۇنداق دەپ قارىدى: تالىپلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىدە: (1) بۇنىڭدىن كېيىن بىر تۇتاش پىلان بولۇشى، تالىپ قوبۇل قىلىش، باشقۇرۇش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئىمتىھان ئېلىش، ئوقۇش پۈتتۈرۈشكىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە بەلگىلىك تۈزۈم بولۇشى كېرەك. (2) تالىپلارنى قوبۇل قىلىشتا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدە

## شەنشى ئۆلكىلىك ۋە شىئەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئۆتكۈزدى

شەنشى ئۆلكىلىك ۋە شىئەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى 3-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە ئىككى جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىنغا ئىككى جەمئىيەتنىڭ مۇدىرلىرى، مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى، جۇڭگو ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى قاتناشتى.

يىغىنغا يەنە شەنشى ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ئۆلكىلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى شۇشيەن، شىئەن شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى چى سۇيىڭ ۋە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ۋە رايونلۇق دىنىي ئىشلار ئىدارىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

يىغىنغا ئۆلكىلىك ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇدىرى ھاجى مالياڭجى ئاخۇنۇم رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ كۆپچىلىككە بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، مۇئاۋىن مۇدىر شېن شياشى جۇڭگو ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىنى يەتكۈزدى. ئۇ مۇنداق دېدى: دوكلاتتا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

---

ئالدى بىلەن ئىمام مەزىنلەرنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسى، زېھنىي كۈچى، مەھەللىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي سېلىقنى كۆتۈرۈش ئىقتىدارى قاتارلىق ئەھۋاللارنى نەزەرگە ئېلىش، سان جەھەتتە چەك قويۇش، تالىپلارنىڭ يېشى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئېنىق تەلەپ قويۇش لازىم. (3) دەرسلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئوقۇتۇش سۈرئىتى، ئوقۇتۇش ۋاقتى قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ بىر تۇتاش بەلگىلىمە بولۇشى لازىم. (4) كۆزلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنىشتە ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىگەن، ھەقىقەتەن تەربىيىلەش ئىستىقبالى بولمىغانلارنى شاللىۋېتىش كېرەك. تالىپلارنىڭ سان ۋە سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئاز بولسىمۇ ساز قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كەلگۈسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد ئىمام-مەزىنلەرنىڭ دەۋرنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

4 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ يەتتە يىلدىن بۇيانقى خىزمىتى ھەققىدىكى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا ئەسلەپ ئۆتتۇلدى، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، كۆپچىلىك-نىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. يىغىندا يەنە گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجىنىڭ سۆزى ۋە يىغىنىنىڭ باشقا ھۆججەتلىرى يەتكۈزۈلدى.

دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىغا قاتناشقان ھەيئەت ئەزالىرى يەتكۈزۈل-گەن ھۆججەتلەرنى ئەستايىدىل ۋە قىزغىن مۇزاكىرە قىلدى. كۆپچىلىك مۇنداق دېيىشتى: جۇڭگو ئىسلام دىنى 4 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتى تەرەققىيات-لارغا ئېرىشتى. جۇڭگو ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى، كۆپلىگەن ھەج ـ تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ دىنىي پەرزنى ئادا قىلالىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان دىنىي كىتابلارنىڭ نەشر قىلىنغانلىقى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەممىيلەنگە ئايان پاكىتلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. كۆپچىلىك ھۆججەتلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق كۆپ ئىلھام ئالدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتكە بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى؛ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تېگىشلىك رول ئويناشقا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، دىنىي مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلاپ، ۋەتەنىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشقا بەل باغلىدى. دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى: "يەتكۈزمىنى ئاڭلاپ، كۆڭلىمىزدىكى تۈگۈن يېشىلدى، كۆڭلىمىز ئازادە بولۇپ قالدى" دېيىشتى. دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ۋاڭ مىڭتاڭ مۇنداق دېدى: "مەن 73 ياشقا كىردىم، سىياسىي ياخشى بولغان، كىشىلەر ئىناق ئۆتىۋاتقان زاماندا يەنە كۆپرەك ياشاشنى خالايمەن".

مۇزاكىرە داۋامىدا، كۆپچىلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەش قىلىش ۋە ئىسلاھاتچىلىقنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ يىللىقى ئىككى چوڭ ۋەزىپىنى بىردەك ھىمايە قىلدى ۋە مۇنداق ھېسابلىدى: بۇ ئېلىمىز-نىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن مۇھىم.

ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە ئۆلكىلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى لى شۇشيەن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئۇزاق داۋاملاشتۇرۇلىدىغان سىياسەت، دىن مەۋجۇت بولىدىكەن، پارتىيىنىڭ بۇ سىياسىتى ئۆزگەرمەيدۇ، نورمال دىنىي پائالىيەتنى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن بىر قاتارغا قويۇشقا بولمايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىسلام دىنى بىلىمگە ئېتىبار بېرىدىغان دىن، شۇڭا مۇسۇلمانلار دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشى كېرەك، پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ ئۆگىنىشى كېرەك، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. ئۇ ئۆلكىلىك ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ پەن ـ مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشىنى

www.uyghurkitap.com

ئىلگىرى سۇرۇشتە نەتىجە يارىتىشنى ئۇمىد قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە شەنشى ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۇمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ماۋ ۋېنشياڭ يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ھەيئەت ئەزالىرىنى يوقلىدى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى. ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۇمى 3-ئاينىڭ 20-كۈنى يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ھەيئەت ئەزالىرىنى كۈتۈۋالدى.

«شەنشى ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى خەۋەرلىرى»دىن ئېلىندى.

## نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى ۋەكىللىرى ئۆز تەسىراتىنى بەھوزۇر سۆزلىدى

جۇڭگو ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان مۇ يىلەن ھاجى ئۆمەك باشلىقى بولغان نىڭشيا ۋەكىللەر ئۆمىكى يىنچۈەن شەھىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى 3-ئاينىڭ 20-كۈنى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۇمىنىڭ باشلىقى ما فېيلۇڭ، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جاڭ نېيجېڭ يىغىن ئورنىغا كېلىپ ۋەكىللەرنى يوقلىدى، دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە ۋەكىللەر بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى.

ۋەكىللەر بىردەك مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: بىز پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى مۇسۇلمانلارغا ۋەكىل بولۇپ بېيجىڭغا بېرىپ تەنتەنىلىك يىغىنغا قاتنىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق؛ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئالىملار ۋە داموللىلار بىلەن بىر يەردە جەم بولۇپ، بىرلىكتە ئىسلام دىنى خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ، كۆپ ئىلھام ۋە چوڭقۇر تەربىيە ئالدۇق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، دىنىي ساھەدىكى زاتلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى بىۋاستە ھېس قىلدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرى ۋە قەدىمىي مەدەنىيىتىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، نەزەر دائىرىمىز كېڭەيدى، بىلىمىمىز ئاشتى، ئىشەنچىمىز كۈچەيدى. ۋەكىللەرنىڭ ئورتاق تەسىراتى مۇنداق:

1. ياخشى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، تىنچ-ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ قالغاندىلا، ئاندىن نورمال دىنىي تۇرمۇش ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، بىرلىكتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ، ئېلىمىزدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى، ۋەزىيەت يىلدىن-يىلغا ياخشىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ ۋەزىيىتىمۇ يىلدىن يىلغا ياخشى بولماقتا. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بۇ يىل ئىچىدە مەملىكەت بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش

ھەرىكىتىنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇش ۋە سىياسىي ـ ئىدىيىۋى ساھەدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىشنى تۇتۇشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مۇشۇ ئىككى چوڭ ئىش ئوبدان تۇتۇلغاندا، ئاندىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملەپ، ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇتۇقلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى ئالغا سۈرگىلى ۋە كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. بىز ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»دىكى "ئاللانىڭ ئاغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلىڭلار، بىر ـ بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار" دېگەن تەلىمگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشنى بىر مۇھىم ۋەزىپە قىلىشىمىز لازىم. ئىسلام دىنىنىڭ ھەرقايسى مەزھەپلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋە مەزھەپنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاداۋەتنى توگىتىپ، بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، بىر ـ بىرىنى كەمسىتمەي، ئورتاقلىقنى ئىزلەپ، ئايرىملىقنى ساقلاپ، ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز سۆزلەرنى قىلماي، ئىتتىپاقلىققا پايدىسىز ئىشلارنى قىلماي، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئورتاق غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە نىشانغا يېتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

2. ئىسلام دىنىنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم.

سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى چوڭقۇر مەنە ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە، شۇڭا بۇ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋە ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى ۋە مەجبۇرىيىتى. ئىسلام دىنى پانىي دۇنيانىمۇ، باقىي دۇنيانىمۇ بەخت ـ سائادەتنى ئىزلەيدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنىمۇ، ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنىمۇ ئوبدان ئادا قىلىدۇ، بۇ ئىككى ئىش بىردەك بولىدۇ، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان قىلىش بولسا ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەت، شۇنداقلا دىننى سۆيۈشنىڭ ئىپادىسى. پەقەت ۋەتەن قۇدرەت تاپقان ۋە ھەممە مىللەت ئورتاق گۈللەنگەندىلا، ئاندىن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىنى ياخشىلىغىلى ۋە ئۆستۈرگىلى، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويغىلى بولىدۇ. يېڭى تارىخىي دەۋردە، دىنىي زاتلار ھەم دىنىي ئىشلارنى ئوبدان ئىشلەپ، ھەم پەن ۋە بىلىمگە ھۆرمەت قىلىپ، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، سوتسىيالىستىك ئەخلاق ـ پەزىلەتنى تىكلىشى لازىم. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىتتىپاق بولۇش، ئىناق ئۆتۈش، كىشىلەرگە ياردەم بېرىشكە خۇشتار بولۇش، سەممىي ـ سادىق بولۇش، چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش ـ كىچىكلەرنى ئاسراش، ھەممە جەھەتتە مەدەنى بولۇش، ئەدەپلىك بولۇش ۋە قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش لازىم. مۇسۇلمانلارغا ۋەتەننى سۆيۈش، خەلقنى سۆيۈش، ئەمگەكنى سۆيۈش، پەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈش؛ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە

ئىنتىزاملىق ئويدان پۇقرا بولۇش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم، بۇ، دەۋر بىزگە بەخش ئەتكەن ۋەزىپىدۇر.

3. پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە قەتئىي ئىشىنىپ، دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە سىياسەتلەر بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىدە ئېلىپ بېرىش لازىم.

ۋەكىللەرنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئايرىم جايلاردا ئازسانلىق ئوقۇغۇچىلار كوچىغا چىقىپ چاتاق چىقارغاندا، دىنىي ساھەدىكىلەردە ئىككىنچى قېتىم "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" بولامدۇ-نېمە! سىياسەت يەنە ئۆزگىرەمدۇ-قانداق! دېگەنگە ئوخشاش ئەندىشىلەر بولغان، يىغىنغا قاتنىشىپ رەھبەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئەندىشىدىن خالاس بولۇپ خاتىرجەم بولغان. ئۇلار بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ پۈتۈنلەي زۆرۈرلىكىنى، بۇنىڭدا ئاساسلىقى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىلىشقا ئۇرۇنۇپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار قىلىدىغان خاتا پىكىر ئېقىمىغا قارشى تۇرۇلىدىغانلىقىنى تونۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنىڭ دىنىي ساھەگە چېتىلمايدىغانلىقى ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان. بۇ كۈرەشتە دىنىي ساھەدىكى دوستلارنىڭ ئۆز دىنىي ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشى تەلەپ قىلىنمايدىغانلىقى، دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارماسلىقى، دىنىنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار ۋە سىياسەتلەر بەلگىلەپ بەرگەن دائىرىدە ھەرىكەت قىلىشى، دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرى، ئەدلىيە ئىشلىرى، مەكتەپ مائارىپى، ئىجتىمائىي مائارىپ ئىشلىرىغا ئارىلاشماي، دىنىي پائالىيەتنى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ماسلاشتۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان. مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىش ئارقىلىق كۆپچىلىكنىڭ تونۇشى يەنىمۇ ئايدىڭلاشقان، نىشانى ئېنىق بولغان.

«نىڭشيا مۇسۇلمانلىرى خەۋىرى»دىن ئېلىندى.

## جىنەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىغىنىنىڭ روھىنى تەپسىلىي يەتكۈزدى

جىنەن شەھىرىدىن جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىل، شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى جۇ جۇڭرېن بىلەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، نەنداسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ما دېگۈي جىنەن شەھىرىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنلا، جىنەن شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىغا يىغىننىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ دوكلاتى ۋە يىغىندا بەلگىلەنگەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ۋە ئەتراپلىق يەتكۈزۈشنى، چارە-تەدبىرلەرنى مۇزاكىرە قىلىپ ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى؛ يەنە كونكرېت خىزمەتتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، جىنەن شەھىرىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ خىزمەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

جىنەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېلىمىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى بىر تەنتەنىلىك يىغىن ئىكەنلىكىنى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم يىغىن ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭ روھىنى قەدەم-باسقۇچقا بۆلۈپ ۋە پىلانلىق ھالدا چوڭقۇر يەتكۈزۈش لازىملىقىنى ھېس قىلدى.

1. ئاۋۋال جىنەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىنىڭ خادىملىرىغا يەتكۈزۈلدى. شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاپپاراتىدىكى ئون نەچچە يولداش ھەركۈنى دېگۈدەك خىزمەتتە ھەرساھەدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇلار ھەممىدىن ئاۋۋال مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىدىن خەۋەردار بولۇشى كېرەك. مۇدىر جۇ جۇڭرېن يىغىننىڭ ئەھۋالى، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ يوليورۇقلىرىنى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىن بېرىلگەن دوكلاتنى يەتكۈزدى. كۆپچىلىك بىردەك يىغىننىڭ روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈش لازىم دەپ قارىدى ھەمدە يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

2. ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بارلىق ھەيئەت ئەزالىرى، شەھەر رايونىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-مەزىنلىرى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىغا يەتكۈزۈلدى. مۇدىر جۇ جۇڭرېن بىلەن نەنداسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى ما دېگۈي بۇرھان شەھىدىنىڭ سۆزى، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجىنىڭ سۆزى ۋە مۇئاۋىن مۇدىر شېن شياشى بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى تولۇق تېكىستى بىلەن يەتكۈزدى. بۇ قېتىمقى دوكلات يىغىنى ھەرقايسى ساھەدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە زاتلار ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەچكە جەمئىيەتتە كەڭ تەسىر قوزغىدى. بۇ قېتىمقى دوكلات يىغىنىدا دۆلەتنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلدى، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇش، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇش، سىياسەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش-قانۇنچىلىق قارىشىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، دىنىي مائارىپنى ئوبدان يولغا قويۇپ، دىنىي ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق بىرنەچچە جەھەتتىكى تونۇشىمىز ۋە خىزمەتلىرىمىز ئايدىڭلاشتۇرۇلدى؛ پۈتۈن شەھەردىكى مۇسۇلمانلار بۇ خىزمەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىندى.

3. شەھەرگە قاراشلىق ناھىيەلەردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىماملىرى ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرىدىن 30 كىشى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا مۇدىر جۇ جۇڭرېن مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندا مۇھىم نۇقتا ۋە ئەمەلىي ئىشلار سۆزلەندى. بۇنىڭ بىلەن ئىمام-مەزىنلەر ۋە يۇرت ئاقساقاللىرى سۆزلەنگەن مەسىلەلەرنى چۈشىنىش، ئەستە تۇتۇش، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى، يىغىندا ھەم پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك تەجرىبە ۋە مەسىلىلەر سۆزلەندى، ھەم ھەرقايسى ناھىيەلەردە ياخشى ئىشلەنگەن ئىشلار تەقدىرلەندى ۋە يېتەرسىزلىكلەر سۆزلەندى. مۇزاكىرە ۋە

www.uyghurkitap.com

سۆزلەنگەن سۆزلەردىن قارىغاندا، ئۇنۇمى ياخشى بولدى. كۆپچىلىك ئۆزسۆزلىرىدە پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان غەمخورلۇقىغا تەشەككۈر ئېيتتى، يەنە ئۆز يېزا-كەنتلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ھەم ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ئىش كۆرگەن ھالدا مەسچىت باشقۇرۇش ئەھۋالىنى ئىنكاس قىلدى، ھەم ساقلانغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

4. "ئىمام-مەزىنلەرنىڭ كۈنى" شەھەر رايونىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-مەزىنلىرى ھەر ھەپتىدە سىياسىي ۋە دىنىي بىلىمنى ئۆگىنىدىغان ۋاقىت قىلىنىدى. 4-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى ئۆگىنىشتە، شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى مىللىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ما خۇەنجاڭ ئىمام-مەزىنلەرگە نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى پىڭلو ناھىيىسى چۇكۇشياڭ يېزىسى لىبەيسى كەنتىنىڭ ئىسلام دىنى ئىچىدىكى ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ياخشى يولغا قويغاندلىقى توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى ھەمدە مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىغا بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. لى جاۋشىڭ، ياڭ زىڭفۇ قاتارلىق ئىمام-مەزىنلەر دىنىي مەزھەپلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆز قىلدى. كۆپچىلىك: "ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مۇسۇلمانلار، قايسى مەزھەپتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى بىر خۇداغا ئېتىقاد قىلىدۇ، «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇيدۇ، شۇڭا ئۇلار ئىتتىپاقلىشىپ، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز ئەمەلىنى قىلىشى لازىم؛ مېنىڭ توغرا، سېنىڭ خاتا دەپ يۈرمەي، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، دىنىي پائالىيەتلىرىمىزنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك" دەپ ھېسابلىدى.

شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، يەنە «جىنەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى خەۋەرلىرى»نى چىقاردى، شەھەر رايونى، ناھىيىلەردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-مەزىنلىرى، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ ئوقۇشى ۋە تەشۋىق قىلىشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ 1-سانىدا مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ «قارارى»، شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ "تەشەببۇسنامىسى" قاتارلىقلارنى تولۇق تېكىستى بىلەن باستى.

شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى مۇسۇلمانلارنى قوزغاپ مەسچىتلەرنى ئوبدان باشقۇرۇش ئۈچۈن، جىنەن شەھىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ۋە باشقا جايلارنىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، «نىزامنامە»لايىھىسىنى ۋە نىزامنامە توغرىسىدىكى ئىزاھاتنى تەييارلاپ چىقتى. مۇزاكىرە قىلىنغاندىن كېيىن، ھەرقايسى مەسچىت ئىمام-مەزىنلىرى، يۇرت ئاقساقاللىرى يىغىنىنى چاقىرىپ، ئومۇميۈزلۈك مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى قۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلماقچى.

(جىنەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## جايلاردا يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزۈشكە دائىر خەۋەرلەر

گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق يىغىنىنى چاقىرىپ، جۇڭگو ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىن

1987 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 99نەپەر ھەيئەت ئەزاسى
قاتناشتى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ئالاقىدار
تارماقلاردىكى يولداشلار يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى، يىغىنغا قاتناشقانلار مۇئاۋىن مۇدىر ما رۇلىن-
نىڭ جۇڭگو ئىسلام دىنى 5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈش
دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا
بىرلەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى. مىغىن مەزگىلىدە گەنسۇ ئۆلكىلىك
پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ
مۇدىرى قوشۇمچە ئۆلكىلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش شەن دېجېن سۆز
قىلدى، ئۇنىڭ سۆزى كۆپچىلىك ئۈچۈن زور ئىلھام بولدى. (شياۋ يۈچۈن)

خۇنەن ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق ھەيئەت ئەزالىرى
(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى 1987 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 13 - كۈنىگىچە چاڭشا شەھىرىدە
ئۆتكۈزۈلدى.
يىغىندا ئاۋال جۇڭگو ئىسلام دىنى 5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىدا مۇدىر شېن
شياشى بەرگەن خىزمەت دوكلاتى، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجىنىڭ
سۆزى تولۇق يەتكۈزۈلدى؛ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلغان ئىككى يىلدىن كۆپرەك
ۋاقىتتىن بۇيانقى خىزمەت ئۈستىدە بېرىلگەن دوكلاتنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنى قاراپ چىقتى، بۇنىڭدىن
كېيىنكى ئىككى يىللىق خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.
يىغىنغا ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى
قاتناشتى، ئالاقىدار ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك مىللىي-دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ
تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى. ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى
ۋۇ لىمىن ۋە ئۆلكىلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى بېنجېك ئايرىم-ئايرىم
ھالدا ۋەزىيەت مەسىلىسى، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇش،
ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.
يىغىنغا قاتناشقان ھەيئەت ئەزالىرى ئاڭلىغان دوكلات ۋە سۆزلەرنى ھاياجانلانغان كەيپىياتتا
قىزغىن ۋە ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى ۋە بۇ قېتىمقى يىغىن ۋاقتىدا ئېچىلدى دەپ ھېسابلىدى.
ھەممەيلەن بىردەك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا تەشەككۈر ئېيتتى ۋە پارتىيىنىڭ
مىللىي، دىنىي سىياسەتلىرى ياخشى دەپ ماختاشتى. ئۇلار بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقانلىقنى ئۆز-
لىرى ئۈچۈن شەرەپ بىلىپ، ئىلھام ئالدى، ئىشەنچىنى ئاشۇردى، كۈرەش نىشانىنى ئايدىڭلاش-
تۇرۇۋالدى ۋە قايتىپ بارغاندىن كېيىن تىرىشىپ دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ماددىي
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى
بىلدۈرۈشتى. (داۋۇت)

ئىچكى موڭغۇل خۇلۇنبۇر ئايمىقى ئىمام-مەزىنلەر ۋەكىللىرى سۆھبەت يىغىنى 1987 - يىل
7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خېلار شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئايماقلىق مەمۇرىي مەھ-
كىمە، سىياسىي كېڭەش، بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە مىللىي-دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

رەھبەرلىرى قاتناشتى، ئايماق بويىچە ئون نەچچە خوشۇن، شەھەر، كان رايونىدىكى مىللىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-مەزىنلىرى، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرىنىڭ مۇدىرلىرىمۇ يىغىنغا قاتنىشىپ، ئىسلام دىنى خىزمىتىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلدى. يىغىن ئۈچ كۈن داۋام قىلدى، يىغىندا پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى دىنىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي سىياسەتلىرى ئۆگىنىش قىلىندى، ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى مۇزاكىرە قىلىندى، پۈتۈن ئايماقنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، يىغىنىنىڭ روھىنى قانداق ئىزچىللاشتۇرۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىندا يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتە باشلامچى بولغان لى باۋتىڭ ئاخۇنۇم تەقدىرلەندى، ئۇنىڭ ئىلغار ئىش-پائالىيەتلىرى تونۇشتۇرۇلدى؛ مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ خىزمىتى مۇھاكىمە قىلىندى، مەسچىتنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى؛ يىغىندا ئايماق ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈلدى ۋە بىردەك ماقۇللاندى. (مى فېڭچى)

باۋدىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1987-يىل 3-ئاينىڭ 25-كۈنى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىردى، يىغىنغا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ليۇ شىجاڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، جۇڭگو ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىل لياڭ شىشەن ئاخۇنۇم يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، يىغىنغا قاتناشقانلار بۇنىڭدىن كۆپ ئىلھام ئالدى، يىغىندا ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. (ليۇ شىگۈي)

گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى نەننىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىردى، يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ يۇمىڭ ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسى رەھبەرلىرىنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنى يەتكۈزدى، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر نەننىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئىككى يىلدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇردى. (نەننىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

شىجياجۇاڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1987-يىل 4-ئاينىڭ 16-كۈنى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتى ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ 2-قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، ئىسلام دىنى 5-قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. شا جىنلىڭ ئاخۇنۇم يىغىنىنىڭ ھۆججەتلىرىنى يەتكۈزدى، يىغىنغا قاتناشقان ھەيئەت ئەزالىرى شىجياجۇاڭ شەھىرىنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئەستايىدىللىق بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ، بۇ يىللىق خىزمەتنى بەلگىلىدى. (ئەن چۈەنشىن، مامىنچۈەن)

# شاڭخەي شەھىرىدە مەسچىت باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى

1986 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، شاڭخەي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى فۇيۇ كوچىسىدىكى مەسچىتتە ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسئۇللىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىپ، 1986 - يىللىق مەسچىت باشقۇرۇش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇپ، كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى.

يىغىندا، نۇقتىلىق ھالدا ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ بۇ يىل مال-مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاش ئەھۋالى ئۈستىدە تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى. كۆپچىلىك مۇنداق دەپ قارىدى: ئىلگىرى ھەرقايسى مەسچىتلەرنىڭ مال-بىساتى تازا ئېنىق بولماي كەلدى، باشقۇرۇش تۈزۈمى يېتەرلىك بولمىدى؛ ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلاپ تىزىملاش ئارقىلىق مەسچىتلەرنىڭ مال-بىساتى ئېنىقلىنىپ، مال-مۈلۈكنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى؛ بۇنىڭدىن كېيىن مال-مۈلۈك ۋە ماددىي ئەشيالارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇقىم مۈلۈكتىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەسچىتنىڭ چىقىمىنى ئۆز كىرىمى ئارقىلىق قامداش فاڭجېنىنى يەنىمۇ ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. مال-مۈلۈكنى ئېنىقلاش داۋامىدا، يۇرت ئاقساقاللىرى ياشىنىپ، تەن سالامەتلىكى ئاجىزلاپ قالغىنىغا قارىماي، قاتتىق-قۇرۇقلار بىلەن ھەپىلىشىپ، نەرسە-كېرەكلەرنى بىر-بىرلەپ ساناپ تىزىملاپ، مەسچىت ئىشلىرىغا بولغان قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى.

فۇيۇ كوچىسىدىكى مەسچىتنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى گۇڭ جىشېڭ ئۆزلىرىنىڭ مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش، كىرىم مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، ئىقتىساد قىلىشنى يولغا قويۇش، ئەرەب تىلىدىن بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئېچىش، دىنىي كىتابلارنى سېتىش ئورنى قۇرۇش، ئاشخانا ئېچىش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ياشلارنى ئاسراش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەردىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى، كۆپچىلىك بۇنىڭدىن زور ئىلھام ئالدى.

جىڭشىڭ كوچىسىدىكى مەسچىتنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ شىچۈەن ئۆزلىرىنىڭ رايونلۇق مىللىي-دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان رەھبەرلىكىنى قولغا كەلتۈرگەنلىكى، مۇسۇلمانلار يەسلىسىدىكى بالىلاردىن ھال سورىغانلىقى، مۇسۇلمان ياشلار خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا تۇتۇش قىلغانلىقى جەھەتلەردىكى تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى.

شياۋتاۋيۈەن مەسچىتىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بەي سۇندې ئۆزلىرىنىڭ يۇرت ئاقساقاللىرىنى تەشكىللەپ، ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم دىنىي ئەقىدىلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆگەنگەن ۋە تەتقىق قىلغانلىق ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ياۋشۇي كوچىسىدىكى مەسچىتنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى لى داۋگاڭ، پۇرۇڭ مەسچىتى باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لو ۋېنجۇنلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى.

1987 ـ يىللىق مەسچىت باشقۇرۇش خىزمەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلغاندا، كۆپچىلىك، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت نىزامىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ خادىملىرىنى تەڭشەپ تولۇقلاش، بۇ ئىشقا مەخسۇس خادىملارنى سەپلەش؛ مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسچىتنىڭ چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت يارىتىشى لازىم؛ مەسچىتلەر ئۆزى تۇرۇشلۇق رايوندىكى مىللىي ـ دىنىي ئىشلار تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئېرىشىپ، مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان خىزمەت قىلىشى كېرەك، دەپ قارىدى.

شاڭخەي شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ «خىزمەت خەۋىرى»دىن ئېلىندى.

# شىچاڭ شەھىرى شاگويىڭ مەسچىتى ئۆز چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشتا ئۈنۈم ھاسىل قىلدى

## ما سىرۇي، ما سىشۈن

شاگويىڭ مەسچىتى سىچۈەن ئۆلكىسى لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شىچاڭ شەھىرىدىكى شىڭسۇ خۇيزۇ يېزىسىنىڭ شىڭلۇ كەنتىگە جايلاشقان، بۇ يەردە خۇيزۇ مۇسۇلماندىن ئازكەم 300 ئائىلە، 988 كىشى بار. 10 يىل داۋام قىلغان قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدە، بۇ يەردىكى مەسچىتمۇ باشقا ئىشقا ئىشلىتىلگەنىدى. 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بۇ مەسچىت ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، دىنىي پائالىيەتلەر نورمال يولغا چۈشتى.

شاگويىڭ مەسچىتىنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى سىياسەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، مەسچىتنىڭ ئىگەللىۋېلىنغان ئۆيلىرى ئۈچۈن 6000 يۈەندىن كۆپرەك ھەق ئالغانىدى. كۆپچىلىكنىڭ بۇ پۇلنى قانداق ئىشلىتىش توغرىسىدىكى پىكرى بىر يەردىن چىقماي قالدى، بەزىلەر ئالدى بىلەن مەسچىتنىڭ ھويلا ـ ئاراملىرىنى رېمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلسا، بەزىلەر مەسچىتنىڭ مەبلىغىنى ئاساسەن دىنىي ئىشلارنى يولغا قويۇشقا يەنى كونا قائىدە بويىچە ھەر يىلدىكى ئۈچ ھېيتتا قۇربانلىق قىلىش، خەتمە قۇرئان قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرگە ئىشلىتىش كېرەك دەپ قارىدى؛ بەزىلەر بۇ پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويۇپ قويۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەرسە، بەزىلەر مەسچىتكە مەبلەغ جۇغلاش ئۈچۈن كارخانا قۇرۇشنى تەشەب-

بۇس قىلدى. مەسچىتنى باشقۇرۇش ھەيئىتى تۇرلۇك پىكىرلەرگە ئاساسەن يىغىن چاقىردى، يىغىندا باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ئالاقىدار ھۆججەتلەرنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ئىشى، بۇ ئىشتا دۆلەتنىڭ ياردىمىگىلا تايىنىشقا بولمايدۇ، ئامىغا سىلىق سېلىشقىمۇ بولمايدۇ، مەسچىتنى ئىقتىسادىي گەۋدە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولى بىلەن ئىقتىسادىي ئۇنۇمگە ئېرىشىپ، ئۆز ئىشىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يولغا قويۇش، ئۆز چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشنى ھەقىقىي تۇردە ئىشقا ئاشۇرۇشلا بىردىنبىر چىقىش يولى ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارىدى. تونۇش بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، مەسچىتنىڭ چىقىمنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھازىرقى مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا قۇرۇش قارار قىلىندى.

قايسى خىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى يەنە تولۇق مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. مەسىلەن، بۇ مەھەللىدە بەش ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى، 1600 مۇ تېرىلغۇ يەر بولۇپ، يىلىغا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان يازلىق ئاشلىق زىرائىتىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى تەخمىنەن 1 مىليون 800 مىڭ جىڭغا يېتەتتى، بۇنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە 6000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل كېتەتتى. كۆپچىلىك، ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ ئىستىقبالى زور ئىكەن، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەينى ۋاقىتتا ئۇ جايدا ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان جاي بولمىغاچقا، دېھقانلار ئۇن تارتىش ئۈچۈن ئۇكۇتنى بىر كىلومېتىردىن يىراق جايغا ئاپىراتتى، بۇنىڭدا ئەمگەك كۈچى ئىسراپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئىشلەپچىقىرىشقىمۇ تەسىر يېتەتتى، بولۇپمۇ ئاشلىق سېتىپ بېرىش ۋە ئاشلىقنى ئامبارغا ئەكىرىش مەزگىلىدە تېخىمۇ جىددىيچىلىك يۈز بېرەتتى. شۇڭا، كۆپچىلىك ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئامىغا قولايلىق يارىتىش كېرەكلىكىنى بىردەك بېكىتتى. بۇ زاۋۇتنى قۇرۇش ئۈچۈن، مەسچىتنى باشقۇرۇش ھەيئىتى 3000 يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ توك يولى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، 1984 - يىلى بىر كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە 1600 يۈەن مەبلەغ سېلىپ شال ئاقلاش ماشىنىسى، ھەممىگە ياراملىق ئۇۋاش ماشىنىسى ۋە ئۇن تارتىش ماشىنىسىنى سېتىۋېلىپ قۇراشتۇردى. بۇلاردىن شۇ يىلىلا 800 يۈەن كىرىم قىلىندى. 1985 - يىلى، ئاپتونوم ئوبلاستلىق دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ياردىمى بىلەن 2500 يۈەن (ئۆسۈمسىز) قەرز ئېلىپ، ماي تارتىش ماشىنىسى، پىنتوزا ماشىنىسى سېتىۋېلىندى، بۇنىڭ بىلەن، پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكىنىلىرى ئاساسەن يۈرۈشلەشتى. بەش ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسىدىكى دېھقانلارنىڭ ئۇن تارتىش، شال ئاقلاش ئىشلىرى ئۆز مەھەللىسىدىلا ھەل بولىدىغان بولدى، بۇ زاۋۇتتا ئىشلەنگەن پىنتوزىنىڭ سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، خېشى، يۈلۈك ۋە تەيخې قاتارلىق بازارلاردا سېتىلىدىغان بولدى. ئىلگىرى، يەرلىك دېھقانلار گۈرۈچ ئۇنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ شەھەرگە بېرىشقا توغرا كېلەتتى، ھازىر ئىشىكىنىڭ ئالدىدىلا سېتىۋالالايدىغان بولدى، بۇ ھال ئامىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى. كۆپچىلىك، مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىنى خۇيزۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر كاتتا ئىش قىلىپ بەردى، مەسچىتكە كىرىم مەنبەسىمۇ تېپىپ بەردى دەپ ماختاشتى. بۇ زاۋۇتتا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن كۈندىن ئېتىبارەن ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. توختامغا ئاساسەن، 1986-يىلىدىن باشلاپ، مەسچىتكە ھەر يىلى 1800 يۈەن ساپ كىرىم تاپشۇرۇلىدىغان بولدى، مۇشۇنداق بولغاندا، تۆت-بەش يىلدا مەسچىت زاۋۇتنى قۇرۇشقا سالغان مەبلەغنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىپ، مەسچىتنىڭ چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالالايدۇ.

شاگويىڭ مەسچىتىنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى مەسچىتنىڭ چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا "مەۋقەنى ھازىرقى ئەمەلىيەتكە قويۇش، يىراق كەلگۈسىدىكى ئەھۋالنى تۇتۇش" روھىنى ئاساس قىلدى. مەسچىتنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ماجياسۇڭ تېغىدا 2500 مو ئورمانلىق، 800 مو يايلاق بولۇپ، ئىلگىرى بۇ ئورمانلىق دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى، كېيىن قالدۇرۇق تاغ ھېساۋىدا ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن، نەتىجىدە ئورمانغا بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى تولا ئۆزگىرىپ، ئورمان ئىگىسىز قالغان. ئورماننى قالايمىقان كېسىدىغان ئەھۋال ئېغىر ھالدا ساقلانغان، ئوت ئاپىتىمۇ پات-پاتلا يۈز بېرىپ تۇرغان، بۇنىڭ بىلەن ئورمان بايلىقى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ئورمانچىلىق ئورۇنلىرىدىكىلەرنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا بېشى قاتقاندى. بۇ ئورمانلىقنى ئاسراش ئۈچۈن، ناھىيىلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، 1984-يىل 11-ئايدا، بۇ ئورمانغا ئىگىدارلىق قىلىش گۇۋاھنامىسى مەسچىتنى باشقۇرۇش ھەيئىتىگە بېرىلدى؛ شۇنىڭدەك ئورمان ئاسراش، ئورمان ئەھيا قىلىش، كېسىش قاتارلىق ئىشلاردىن قىلىنغان كىرىمنىڭ مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىگە تەئەللۇق بولىدىغانلىقى كېلىشىش ئارقىلىق بېكىتىلدى. 1985-يىلىدىن ئېتىبارەن، مەسچىتنى باشقۇرۇش ھەيئىتى قوشۇمچە كىرىم بىلەن ئورماننى ئاسراش چارىسىنى قوللاندى، ھەر يىلى قوشۇمچە كەسىپتىن قىلىنغان كىرىمدىن 700 يۈەن ئاجرىتىپ، ئىككى كىشىنى يىل بويى ئورماننى ئاسراشقا مەسئۇل قىلدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئورماننى قالايمىقان كېسىدىغان ئەھۋال تۈگىتىلدى، ئوت ئاپىتىمۇ يۈز بەرمىدى.

مەسچىتنى باشقۇرۇش ھەيئىتى بۇ ئورماننى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، 1985-يىل ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە، خۇيزۇ مۇسۇلمانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تاغقا 300 مو يەرگە خالىسانە كۆچەت تىكتى. ھازىر كەڭ كۆلەمدىكى قارىغايلار باراقسان ئۆبدان ئۆسۈپ، بۇ تاغنىڭ مەنزىرىسىنى گۈزەللەشتۈرۈۋەتتى. بۇ جەمئىي تىكىلگەن 2000 مو يەردىكى كۆچەت-لەرنىڭ بەزىسىنىڭ تومۇلۇقى بىلەكتەك بولدى، يېڭىدىن قويۇلغان كۆچەتلەرنىڭ ئەڭ پاكارلىرىمۇ 60 سانتىمېتىرغا يەتتى. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدا، تاغ ئورمىنى مۇھاپىزەت قىلىنغاچقا، تاغنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى يىلدىن-يىلغا كېڭىيىپ، ئۇ يەردە سۇ ۋە توپىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقمۇ تۇراقلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. تاغدا تەبىئىي سۇ ئامبىرى شەكىللەنگەچكە، بۇ مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى

ئېتىزلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ئۆزگەردى؛ مەسچىتنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى لوگتاگگۇ جىلغىسىدا ئۆلگىرى يامغۇر پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن كەلكۈن كېلەتتى، ئەتىياز پەسلىدە بولسا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرەتتى. ھازىر جىلغىدا بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپلا تۇرىدىغان بولدى. ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىسىدا ھاسىل قىلىنغان دەسلەپكى ئۈنۈمنى ئامما ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، شاتلىققا چۆمۈلدى.

مۆلچەرلىنىشچە، بۇ ئورماندىن 1990-يىلىدىن باشلاپ مەنپەئەت ئالغىلى بولىدۇ، ئۇ چاغدا يىلىغا چارتاپ كېسىۋېتىلگەن ياغاچ ماتېرىيالىدىن 3000 يۈەن كىرىم قىلغىلى بولىدۇ، 2000-يىلىغا بارغاندا تۇرار جاي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان قارىغاي ياغىچىدىن قىلىنىدىغان كىرىم 5000 يۈەندىن 10 مىڭ يۈەنگە يېتىدۇ. بۇ زور مىقداردىكى مۇقىم كىرىم ئارقىلىق دۆلەتكە تۆھپە قوشقىلى، كوللېكتىپقا نەپ يەتكۈزگىلى، كېيىنكى ئەۋلادلارغا بەخت-سائادەت ياراتقىلى بولىدۇ، بۇ شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شاگويىڭ مەسچىتىنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ غەمخورلۇق قىلغانلىقى ۋە قوللىغانلىقى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە خۇيزۇلارنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقى چىڭ بولغانلىقى، شۇنىڭدەك مەسچىتنى باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرىنىڭ دىنىي ئىشلار ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن يۇقىرىقىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشەلىدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئوبلاست ۋە شەھەردىكى ئالاقىدار ئورۇنلار شاگويىڭ مەسچىتىنىڭ ئۆز چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىگە زور مەدەت ۋە ياردەم بەردى. 1985-يىلى ئۆلكىلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ۋە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىدار رەھبەرلىرى ئۆلگىرى-كېيىن بولۇپ مەسچىتكە كېلىپ ئەھۋال ئىگەللىدى ۋە خىزمەتلەر توغرىسىدا يول كۆرسەتتى. 1987-يىلى 3-ئايدا، ئوبلاستلىق ۋە شەھەرلىك دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى 2300 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ماجياسۇڭ تېغىغا چىقىپ ئورمانلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەسچىتنى باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە ئۇلارغا ئىلھام بەردى؛ 8-ئايدا، ئوبلاستلىق دىنىي ئىشلار ئىدارىسى ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروتى فوندىدىن يەنە 2500 يۈەن پۇل قەرز بېرىپ، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ياغ تارتىش ئۈسكىنىلىرىنى ئورنىتىشىغا ياردەم بەردى، بۇ ئۈسكىنىلەر شۇ يىلىلا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ 1000 يۈەن كىرىم قىلىندى، خۇيزۇ مۇسۇلمانلار خۇشال ھالدا: "بۇ پۇل دەل جايىغا ئىشلىتىلگەچكە، شۇ يىلىلا ئۈنۈمىنى كۆردۇق" دېيىشتى.

مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى بىر-بىرى بىلەن ناھايىتى ئىتتىپاق، ئۇلار پارتىيىنى قىزغىن سۆيىدىغان، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان، ۋەتەنىنىمۇ، دىنىنىمۇ قىزغىن سۆيىدىغان

تەقۋادار مۇسۇلمانلار، ئۇلار ئىشتا ئاما بىلەن تولۇق مەسلىھەتلىشىدۇ، ئىش بېجىرىشتە ئەستايىدىل، بىر-بىرىگە ماسلىشىدۇ، بىر-بىرىنى قوللايدۇ، ئومۇمىيلىقنى كۆزدە تۇتىدۇ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار يولۇققان قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى يېڭەلىدى. ئۇلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش روھىنى ئەمەلىي ھەرىكىتىدە كۆرسەتتى، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ماشياۋشيەننىڭ ئوغلى تاغدىن بىر تۈپ دەرەخنى كېسىپ كەلگەندە، ماشياۋشيەن يىغىندا ئۆزلۈكىدىن بۇ ئىشقا بولغان تونۇشىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە بۇنىڭغا جەرىمانە تۆلىگەن. بۇ ئىش ئاممىغا ئوبدان تەربىيە بولغان. ئۇلار مەسچىتنىڭ چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ئىشلاردا كۆتۈپ تۇرمىغان، ھۆكۈمەتكە تايىنىۋالمىغان، بەلكى ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىش قىلغان، ئۇلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۆزلۈكىدىن تاققا چىقىپ خالىس كۆچەت تىككەن، بۇنىڭدىن باشقا يەنە تراكتورنىڭ مېڭىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بىر مىڭدىن ئارتۇق خالىس گۇڭ سەرپ قىلىپ، بىر چاقىرىمچە يول ياسىغان.

بۇ جايدا ئولتۇراقلاشقان ئاما خۇيزۇ، خەنزۇ ۋە يىزۇدىن ئىبارەت ئۈچ مىللەتتىن تەركىپ تاپقان بولغاچقا، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە تاقىلىدىغان ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە ھەقىقىي تۈردە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزئارا كۆيۈنۈش ۋە ئۆزئارا ياردەم بېرىشنى ئىشقا ئاشۇرغان. مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ماجيا تېغى ئورمانلىقىنى باشقۇرۇشتا، ھەم تاغنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئورمان ئەھيا قىلغان، ھەم ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئورماننى زىيانغا ئۇچراتماسلىق شەرتى ئاستىدا، دېھقانلارنىڭ تاغقا چىقىپ دەل-دەرەخلەرنى چارتىشى ۋە مال بېقىشىغا يول قويۇپ، كۆپچىلىكنى ئەمەلىي نەپ ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، بۇ ھال ھەرمىللەت خەلقىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى، ھېچقايسى مىللەتنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. كۆپچىلىك ماجيا تېغىنى ئىتتىپاق تېغى دەپ ئاتىشىدۇ، ھەرمىللەت دېھقانلىرى ئورماننى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئوتتىن ساقلاش ئىشىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئورتاق ئىشلەپ، قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، ئىناق ئۆتمەكتە.

مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى بىلەن قانائەتلىنىپ قالغىنى يوق، ئۇلار بۇنى تېخى ئىشنىڭ باشلىنىشى دەپ قاراپ، مەسچىتنىڭ چىقىمىنى ئۆز كىرىمى بىلەن قامداشنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى پىلانلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈپ چىقتى، ئۇلار "دىنىي كۇرس" ئېچىش ئىشىغا قىسمەن راسخوت ياردەم بېرىش، يېڭى بىر ئەۋلاد ياش ئىماملارنى يېتىشتۈرۈشكە شەرت-شارائىت ھازىرلاش ئۈچۈن، بىر كۆمۈر خىش ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇش ۋە تاشچىلىق ئىشىنى يولغا قويۇش يولى بىلەن، ھازىر بار ئەمگەك كۈچلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى.

ۋەز

# ھەقىقىي مۇسۇلمانلاردىن بولايلى

ياڭ ليەنكەي

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

جامائەتلەر:

دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئارقىسىدا، بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا دىنىي ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە ناماز ئوقۇيدىغانلار پەيدىنپەي كۆپىيىپ بېرىۋاتقان ياخشى ئەھۋال بارلىققا كەلدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، مۇسلىم① دېگەن سۆزنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم دېگەن بولىدۇ، مۆمىن دېگەن سۆز ئىمانى (ئېتىقادى) بار ئادەم، ياكى ئېتىقادچى ۋە ياكى بىرلا ئاللاغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم دېگەن بولىدۇ. بۇ ئىككى سۆز ئىسلام ۋە ئىمان دېگەن سۆزلەردىن كەلگەن. ئۇنداق بولسا، ئىسلام دېگەن نېمە؟ ئىمان دېگەن نېمە؟ بۇ ئىككى سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

ئىسلام دېگەن بىز ئېتىقاد قىلىدىغان دىننىڭ نامى. ئەمما فىقھە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىسلام دېگەن سۆز ئىمان دېگەن سۆز بىلەن مەنىسى يېقىن سۆزلەردۇر. ئىمان دېگەن ئاللانىڭ بىرلىكىنى دىلى بىلەن تەستىقلاپ، تىلى بىلەن ئىقرار قىلىش ۋە ئۇنىڭ كالامى — «قۇرئان كەرىم»دە بەلگىلەنگەن ئەمىر-مەرۇپ، نەھىي-مۇنكەرلەرگە بوي سۇنۇش دېمەكتۇر. ئىسلام دېگەن سۆزمۇ ئاللاغا ئىتائەت قىلىش ۋە «قۇرئان كەرىم»دىكى ئەمىر-مەرۇپ، نەھىي-مۇنكەرلەرنى قوبۇل قىلىش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئىسلام شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەج قىلىشتىن ئىبارەت بەش پەرز ئۈستىگە قۇرۇلغان". شاھادەت ئېيتىش دېگەن "بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەت ئاللانىڭ ئەلچىسى" دەپ تىلى بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلى بىلەن تەستىقلاش دېگەنلىكتۇر. قالغان تۆت پەرزمۇ ئادەمنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئىجرا قىلىشى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئىمان دېگەن سۆز ئىسلام دېگەن سۆز بىلەن مەنىسى يېقىن سۆزلەر، دەيمىز. باشقىچە ئېيتقاندا، ھەرقانداق ئادەم ئاللانىڭ بىرلىكىنى دىلى بىلەن تەستىقلاپ، تىلى بىلەن ئىقرار قىلغان ۋە بۇنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مۆمىن ياكى مۇسۇلمان بولالايدۇ.

① "مۇسلىم" ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مەنىسى بىزگە فارس تىلىدىن كىرگەن "مۇسۇلمان" دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش. — تەرجىماندىن.

بۇ مەسىلىنى «قۇرئان كەرىم»دىن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى نەقىل كەلتۈرۈش بىلەن چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

"پەقەت ئاللا ياد ئېتىلسە دىللىرىدا قورقۇنچ پەيدا بولىدىغان، ئاللانىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنسا ئىمانى كۈچىيىدىغان، پەرۋەردىگارىغا تەۋەككۇل قىلىدىغان كىشىلەرلا (كامىل) مۆمىنلەردۇر. ئۇلار (مۇكەممەل رەۋىشتە) ناماز ئوقۇيدۇ، بىز ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن پۇل-مالدىن (خۇدا يولىدا) سەرپ قىلىدۇ. ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۆمىنلەردۇر. ئۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە، مەغپىرەتكە ۋە ئېسىل رىزىققا (يەنى جەننەتنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرىگە) ئېرىشىدۇ". (8 ـ سۈرە، 2 ـ 4 ـ ئايەتلەر)

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ھەقىقىي مۆمىن پاكى ھەقىقىي مۇسۇلمان بولماقچى بولغان كىشى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىشى لازىم: بىرىنچى، ئاللانى ياد ئەتكەن ھامان قورقىدىغان بولۇش؛ ئىككىنچى، باشقىلارنىڭ قۇرئان تىلاۋەت قىلغىنىنى ئاڭلىغاندا، ئاللانىڭ كالامى بولغان قۇرئانغا بولغان ئېتىقادنى ئاشۇرۇش؛ ئۈچىنچى، ھەممە ئىشتا ئاللادىن مەدەت تىلەش، قىلالايدىغان ئىشنى قىلىش، ئاللانىڭ ئەمرىگە بوي سۇنۇش؛ تۆتىنچى، ناماز ئوقۇش؛ بەشىنچى، ئارتۇق مال-دۇنيادىن سەدىقە بېرىش. يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ ئىككىنچىسىدە دېيىلگەن "سەرپ قىلىش" دېگەن سۆز ئاتا-ئانىنى بېقىش، پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ۋە سەدىقە بېرىش قاتارلىق ئىشلارغا قىلىنىدىغان خىراجەتنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىراجەت زاكاتتىن باشقا مال-مۈلۈكتىن قىلىنىدۇ، بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغۇچىلار «قۇرئان كەرىم»دە كۆرسىتىلگەنلەر بولىدۇ: "(ئى مۇھەممەت!) سەندىن (ماللىرىنى) قانداق سەرپ قىلىشنى سورايدۇ، ئېيتقىنكى، مال-مۈلكۈڭلاردىن نېمىنى سەرپ قىلماقچى بولساڭلار، ئۇنى ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، مىسكىنلەرگە ۋە ئىبنى سەبىللەرگە سەرپ قىلساڭلار بولىدۇ. ياخشىلىقتىن نېمىنى قىلماڭلار، ئاللا ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ". (2 ـ سۈرە، 215 ـ ئايەت) بۇنىڭ مىقدارىنىڭ ئاز-كۆپ، سۈپىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ھەركىمنىڭ قىلىدىغان كىرىمىگە باغلىق.

زاكات بېرىلىدىغان نەرسە پۇل ۋە مالدىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، بۇلارنىڭ مىقدارى ئوخشاش ئەمەس. يىللىق ئاساسىي ئېھتىياجدىن ئاشقان پۇلغا $2\frac{1}{2}$ پىرسەنت زاكات كېلىدۇ (يەر-زېمىن، مېۋىلىك دەرەخ، كالا، قوي، تۆگە قاتارلىقلارغا قانچىلىك زاكات كېلىدىغانلىقى فىقھىدە ئايرىم چۈشەندۈرۈلىدۇ). ئۇ ئاساسەن كەمبەغەللەرنى قۇتقۇزۇشقا ئوخشاش ئىجتىمائىي پارا-راۋانلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە زاكاتنىڭ سەككىز خىل كىشىگە بېرىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان: "زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازاد قىلىشقا، قەرزدارلارغا، ئاللانىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ ئاللانىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، ئاللا (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر". (9 ـ سۈرە، 60 ـ ئايەت)

قىسقىسى، يۇقىرىقى ئايەتلەرنى ئاللادىن قورقۇش، ئېتىقادنى چىڭىتىش، ئاللادىن مەدەت تىلەش، ناماز ئوقۇش، ئارتۇق مال-مۈلۈكتىن سەدىقە بېرىش دېگەن سۆزلەرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ، بۇ ھەممىمىزنىڭ ئېسىدە بولسۇن.

ھەقىقىي مۆمىن پاكى مۇسۇلمان بولغان كىشى يۇقىرىدا ئېيتىلغانلار بىلەن قانائەتلەنسە

بولامدۇ؟ بۇ تېخى ئىشنىڭ يېرىمىدىنلا ئىبارەت. بۇلاردىن باشقا، ئاللا «قۇرئان كەرىم»دە مۆمىنلەرگە كۆندىلىك تۇرمۇشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، بۇنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاتائالا مۇنداق دەيدۇ: "مۆمىنلەر ھەقىقەتەن بەختكە ئېرىشتى (شۇنداق مۆمىنلەركى) ئۇلار نامازلىرىدا (ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن سۈر بېسىپ كەتكەنلىكتىن) ئەيمىنىپ تۇرغۇچىلاردۇر. ئۇلار بىھۇدە سۆز، بىھۇدە ئىشتىن يىراق بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار زاكات بەرگۈچىلەردۇر، ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) خوتۇنلىرىدىن، چۆرىلىرىدىن باشقىلاردىن ساقلىغۇچىلاردۇر (بۇلار بىلەن يېقىنچىلىق قىلغۇچىلار مالامەت قىلىنمايدۇ). بۇنىڭ سىرتىدىن (جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇشنى) تەلەپ قىلغۇچىلار ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردۇر. ئۇلار (يەنى مۆمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر. ئۇلار نامازلىرىنى (ۋاقتىدا تەئدىل ئەركان بىلەن) ئادا قىلغۇچىلاردۇر. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە مۆمىنلەر نازۇ-نېمەتلىك جەننەتنىڭ) ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ، فىردەۋستە مەڭگۈ قالىدۇ". (23 - سۈرە، 1 — 11 - ئايەتلەر)

دۇنيادا تۇرمۇش خىلمۇخىل بولىدۇ، كىشىلەر ئاسانلا خاتالىقنىڭ كاشىلىسى بىلەن تونۇغرا يولدىن ئېزىپ كېتىدۇ. ئاللاتائالا يۇقىرىقى ئايەتلەردە مۆمىنلەرگە دۇنيادىكى ھەر خىل-ھەر ياڭزا نەرسىلەرگە ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ۋە ئۇ نەرسىلەرنى پەرق ئېتىپ، ياخشى ئىشنى قىلىپ، يامان ئىشتىن ساقلىنىپ، خاتالىقنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىماسلىق لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندىلا دوزاخقا كىرىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت فىردەۋسكە كىرگىلى ۋە ئۇنىڭدا مەڭگۈ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

يۇقىرىقى ئايەتلەر مۆمىنلەردىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلىدۇ:

بىرىنچى، ناماز ئوقۇغاندا ئاللادىن ئەيمىنىپ تۇرۇش. بۇ يەردە مۇشۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىدىكى ئارقا كۆرۈنۈشنى بايان قىلىپ ئۆتۈش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام زامانىدا ناماز ئوقۇش پەرز قىلىنغاندىن كېيىن، ساھابىلار ھەر كۈنى پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىللە ناماز ئوقۇيتتى، لېكىن نامازنى باشلىغاندىن كېيىن، ساھابىلارنىڭ بەزىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قاراشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. بۇ ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى زاماندىن قېپقالغان ناچار ئادەت بولغاچقا، بۇ ئايەت نازىل بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار "ناماز ئوقۇۋېتىپ ئاسمانغا قارايدىغان" يامان ئىللەتنى ئۆزگەرتكەن. كېيىنكى چاغلاردا، فەقىھلەر: نامازغا قول باغلىغاندىن كېيىن كۆزنى سەجدە قىلىدىغان يەرگە تىكىپ تۇرۇش كېرەك، دەپ بەلگىلىگەن. بۈگۈنكى كۈندە قانداق قىلغاندا نامازدا ئاللادىن ئەيمىنىپ تۇرغان بولىمىز؟ مەملىكىتىمىزنىڭ مۇسۇلمان ئالىمى ليۇ جيېلىيەنىڭ پىكرى بويىچە، نامازغا قول باغلىغاندىن كېيىن ھۆرمەت بىلەن تۇرۇش، بىھۇدە ئوي-پىكىرلەرنى كاللىدىن چىقىرىۋېتىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن، نامازنىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئاللاغا سەجدە قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، نامازدا ئاللادىن ئەيمىنىپ تۇرىدىغان ئادەم بولغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ھاۋايى-ھەۋەس ۋە بىھۇدە ئىشلاردىن ساقلىنىش. مەيلى ياشانغانلار ياكى

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار بولسۇن، قىممەتلىك ۋاقىتنى ئۆگىنىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى جەھەتكە سەرپ قىلىشى كېرەك. ئەگەر كىمكى يېيىش-ئىچىش، ئويناش-كۈلۈشكە، شەھۋانىي تۇرمۇشقا بېرىلىپ كېتىدىغان بولسا، ئۇ ئاللانىڭ تەلىمىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ.

ئۈچىنچى، زاكات بېرىش. زاكات ئاللا ئالدىدا پۇل-مالنى پاكلاشتۇرۇش، دىلدىكى كىرلارنى تازىلاش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنى يۇقىرىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنلىكىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە كۆپ سۆزلىمەيمىز.

تۆتىنچى، شەرمى-ھايا قىلىش، ئەۋرەتنى يېپىش. جەمئىيىتىمىز ئىنگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش دەۋرىگە كىردى، چەت ئەللەر بىلەن بولىدىغان كەلدى-باردى ئىشلىرى كۆپ بولۇۋاتىدۇ، بۇ — ياخشى ئىش. ئوغۇل-قىزلارنىڭ گۈللۈك كىيىملەرنى كىيىپ ياسىنىشلىرى قىل سىغمايدىغان ئىش. لېكىن، مۇسۇلمان ئەر-ئاياللار ئېسىدە تۇتۇشى لازىمكى، كۆكرەك ۋە قولتۇقلىرىنى ئېچىپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمان ئەر-ئاياللارنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يېپىشى، شەرمى-ھايا قىلىشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ ھەمدە ئەرلەرنىڭ كىندىكىدىن تارتىپ تىزىغىچە، ئاياللارنىڭ يۈزى ۋە قول-پۇتلىرىدىن باشقا يەرلىرى ئۆز ئېرىدىن باشقا كىشىگە كۆرسىتىشكە بولمايدىغان ئەۋرەت ھېسابلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. مەن بۇ يەردە ئاياللارنى تۆت تامنىڭ ئىچىگە سولاپ قويىدىغان قېتىمدالىق ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلماقچى ئەمەسمەن، ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئوي يوق. مەن ياش ئاياللارنىڭ ئوبدانراق كىيىنىشىگە قوشۇلىمەن، ئەمما ئېشىپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلىش كېرەك. ھەر ھالدا، ئامېرىكا-ياۋروپاچە ناچار ئۇسۇلنى دورىماسلىق لازىم، ئۇ ھەرگىزمۇ مۇسۇلمانلار ياكى مۆمىنلەر قوبۇل قىلىدىغان ئۇسۇل ئەمەس. بىزنىڭ شەرق مىللەتلىرىگە خاس ئاددىي-كۆركەم، چوڭ سۈپەت ۋە نەپىس كىيىنىش ئۇسلۇبىنى ساقلىغىنىمىز ياخشى، يەنە كېلىپ ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەكى توغرىسىدا ئاللانىڭ بەلگىلىگىنى بار-دە!

جامائەتلەر: ئۆزىمىزنىڭ ئوغۇل-قىزلىرىغا ئاددىي-ساددا ۋە ئىقتىسادچىل بولۇشقا، تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىككە دىققەت قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلايلى.

بەشىنچى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش. بۇ ئۈچ جەھەتنى يەنى شەخسكە، جامائەتكە ۋە ئاللاغا قىلغان ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىشىلەرگە قىلىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنلىكى توغرا ئىش، ياخشى ئىشلارنى قىلىش كېرەك؛ ھەركىم ئۆزىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدە دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆز ئىشىغا سادىق بولۇپ، دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشى لازىم، بۇ — مۇسۇلمان ياكى مۆمىنلەرنىڭ جامائەت ئالدىدا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى؛ بۇنىڭدىن باشقا، مۇسۇلمان ياكى مۆمىن بولغان كىشى قانداق ئىشنى قىلىش، قانداق ئىشنى قىلماسلىق توغرىسىدا ئاللاغا ۋەدە بەرگەن بولىدۇ. ئۇ قايسى ئىشنى توغرا قىلسا، ئاللاغا بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان بولىدۇ.

ئالتىنچى، نامازنى تەرك قىلماسلىق. بۇ توغرىدا كۆپ توختالمايمىز.

ئاخىرەتتىكى "فىردەۋس" ناملىق جەننەت ئىنتايىن ئېسىل، چىرايلىق جەننەتتۇر. مۇكاپاتلانغان دانىشمەنلەر بۇ جەننەتتە تۇرۇشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئومۇمەن مۆمىنلەر شاختا مېۋىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان، ئېرىقلىرىدا سۈزۈك سۇلار شىرىلداپ ئېقىپ تۇرغان بۇ جەننەتنىڭ راھىتىدىن بەھرىمەن بولغاندا، شۇنىڭ ئىچىدە مەڭگۈ قالىدۇ. مانا بۇ يۇقىرىدىكى ئايەتتە "ئۇلار (يۇقىرى دەرىجىلىك جەننەت) فىردەۋسكە ۋارىسلىق قىلىدۇ" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىدۇر.

# «ئەرەبچە (ئىجتىمائىي پەن) كىتابلار مۇندەرىجىسى»

بېيجىڭ داشۆسى شەرق تىللار فاكۇلتېتىدىكى يولداش جاڭ خۇيچېڭ تۈزگەن «ئەرەبچە (ئىجتىمائىي پەن) كىتابلار مۇندەرىجىسى» بۇ يىل 5-ئايدا ئىشلىنىپ بولغان ئىدى، يېقىن ئارىدا نەشردىن چىقىدۇ. بۇ مۇندەرىجىنى تۈزۈشكە ئۈچ يىل ۋاقىت كەتتى، بۇنىڭغا بېيجىڭ كۇتۇبخانىسى، بېيجىڭ داشۆسى، بېيجىڭ ۋە شاڭخەيدىكى چەت ئەل تىللىرى شۆيۈەنلىرى، بېيجىڭ تىل شۆيۈەنى، لوياڭ ئازادلىق ئارمىيە چەت ئەل تىللىرى شۆيۈەنى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق 10 ئورۇندا ساقلانغان جەمئىي 15 مىڭ 294 خىل ئەرەبچە (ئىجتىمائىي پەن) كىتاب ئىسمى كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، پەلسەپە، دىن، سىياسىي، قانۇن، ئىقتىساد، تىل، يېزىق قاتارلىق يەتتە تۈر بويىچە تۈزۈلگەن.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئەرەب ئەللىرى بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەچكە، مەملىكىتىمىزدە ساقلانغان ئەرەبچە كىتابلار ناھايىتى كۆپ، لېكىن بۇ كىتابلار ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلارغا تارقىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ئاختۇرۇپ تېپىش ۋە پايدىلىنىش بەكمۇ قولايسىز. بۇ مۇندەرىجىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئەرەبچە ئوقۇ-ئوقۇتۇش ۋە پەن تەتقىقاتى خىزمىتىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدۇ، كىتابنى ئاختۇرغۇچىلار كىتاب ئىسمىنىڭ ئەرەبچە باش ھەرپىنى بىلسىلا، مۇندەرىجىدىن كىتابنىڭ ئومۇمىي بەت سانىنى، بۇ كىتابنىڭ قەيەردە ۋە قايسى ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ، بۇ مۇندەرىجە كىتاب ئاختۇرۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

چوڭ تىپتىكى بۇ ئەرەبچە كىتابلار مۇندەرىجىسىنىڭ تۈزۈلۈشى پېشقەدەم مۇتەخەسسىسلەردىن جى شيەنلىن ۋە ناجۇڭلارنىڭ قوللىشىغا ۋە مەدھىيىسىگە ئېرىشتى. پروفېسسور جى شيەنلىن 1987-يىل 4-ئاينىڭ 24-كۈنى بۇ كىتابقا "يولداش جاڭ خۇيچېڭنىڭ ئەرەبچە (ئىجتىمائىي پەن) كىتابلار مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن" دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى. پروفېسسور ناجۇڭ بۇ كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بەردى.

(يېجەي)

# شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قانۇنچىلىق تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بەردى

لۇ يى

شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى جىنەن شەھىرىدە 3-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنى ئۆتكۈزدى. يىغىنغا پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن 27 نەپەر

دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى قاتناشتى. شەندۇڭ ئۆلكىلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش جىن باۋجېن ۋە ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئاساسەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقنى قوغداش توغرىسىدىكى قارار»ى ئۆگىنىش قىلىندى. دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى بىردەك، «قارار»نىڭ يادروسى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئىكەن، ئۇنىڭدا ئاساسىي قانۇننىڭ تۈپ روھى قايتا تەكىتلىنىپتۇ، بۇ قارار دەل ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەك مۇھىم قارار ئىكەن، بىز ئۇنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز، دەپ قارىدى. ئۇلار قىزغىنلىق بىلەن قىلغان سۆزلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە تەسىراتى ئارقىلىق "جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بولمىغان بولسا، يېڭى جۇڭگو بولمىغان بولاتتى، جۇڭگونى پەقەت سوتسىيالىزملا قۇتقۇزالايدۇ" دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى رولىنى ئوچۇق تونۇدى. شۇڭا ئۇلار «قارار»نى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىپ، قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش جەھەتتە نەمۇنە بولىدىغانلىقىنى، ئۆزى چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئاكتىپلىق يوسۇندا قانۇن قورالىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنغا خىلاپ بارلىق ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىردەك بىلدۈرۈشتى.

ھەيئەت ئەزالىرى ئۆلكىلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش ليۇ شۇشياڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. ئۇلار بۇ دوكلاتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئومۇميۈزلۈك ھالدا نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى، بىلىمىنىڭ ئاشقانلىقىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشلا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بېيىش يولىغا يېتەكلەشنىڭ مۇقەررەر يولى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالغانلىقىنى ئىنكاس قىلىشتى.

يىغىن داۋامىدا، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە كەڭ مۇسۇلمانلارغا «قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، تىنچلىق ـ ئىتتىپاقلىقنى قوغداش توغرىسىدا تەشەببۇس»نى چىقاردى.

## زىبو شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى قانۇن ساۋادىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى

زىبو شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى بىر تۇتاش تەشكىللەش، نەچچە يەرگە بۆلۈپ ئېچىش چارىسىنى قوللىنىپ، پۈتۈن شەھەردىكى بەش مەسچىتنى مەركىزىي نۇقتا قىلىپ، قانۇن ساۋادىنى ئومۇملاشتۇرۇش بويىچە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى تايانچىلارنىڭ ئۆگىنىش كۇرسىنى ئاچتى. ئۆگىنىش ۋاقتى 2 كۈندىن 7 كۈنگىچە بولدى، ئۆگىنىشكە جەمئىي 150 نەچچە كىشى قاتناشتى. كۇرسانتلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقنى قوغداش توغرىسىدىكى قارار»نى ئۆگىنىش قىلدى، شەھەرلىك ۋە

رايونلۇق بىرلىك سەپ ئورۇنلىرىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە مىللىي-دىنىي سىياسەت توغرىسىدىكى دوكلاتلىرىنى ھەم شەھەرلىك، رايونلۇق ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بەرگەن ئاساسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق-تەلەپ دەۋا قانۇنى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. كۇرسانتلار ئۆگىنىش ئارقىلىق ھازىرقى ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، ۋەتەننى سۆيۈش-قانۇنغا رىئايە قىلىش ئېڭىنى ئۆستۈردى، ئۇلار، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ئەستايىدىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ئەستە قولغا كەلگەن تىنچ-ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى قوغدايدىغانلىقىنى ئوچۇق پوزىتسىيە بىلەن بىلدۈردى. بەزى ئاخۇنۇملار: "ئىلگىرى بىز قۇرئان ۋە ھەدىس بويىچە ئىش قىلساقلا قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان بولمايمىز، شۇڭا قانۇننى ئۆگىنىش — ئۆگەنمەسلىكنىڭ كارى چاغلىق دەپ قاراپتىكەنمىز، ھازىر بۇنداق قاراشنىڭ بەك بىر تەرەپلىمە قاراش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق" دېدى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بەزى ئەزالىرى: "ئىلگىرى بىز دائىم 'ۋەتەننى سۆيىمىز، قانۇنغا رىئايە قىلىمىز' دەيتتۇق، ئەمما نېمىنىڭ قانۇن ئىكەنلىكىگە بولغان بىلىمىمىز بەك ئاز ئىدى، بۇ قېتىمقى ئۆگىنىش ئارقىلىق بۇ جەھەتتە بىلىمگە ئىگە بولدۇق" دېدى. بەزى يۇرت ئاقساقاللىرى: "ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى بىر قەدەر كۆپ بولماقتا، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئۇلارنىڭ قانۇننى ئۆگەنمىگەنلىكى، قانۇننى بىلمىگەنلىكى، ئۆزلىرىنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلغان تۇرۇغلۇقمۇ ئۇ ئىشنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولغان. بىز قانۇننى ئۆگىنىشتە ئىشنى ئۆزىمىزدىن باشلىشىمىز، ئۆزىمىز ئۈلگە بولۇپ پەرزەنتلىرىمىزنى ۋە ياشلارنى ئوبدان تەربىيىلىشىمىز لازىم" دېدى. كۆپچىلىك ئۆگىنىش ئارقىلىق، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۈرەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى ۋە مەركىزىي كومىتېتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ چەك-چېگرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، بۇ كۈرەشكە ئاتلىنىش ئىشەنچىنى كۈچەيتتى.

(ياك شۆيىڭ)

# جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن زىياپەت ئۆتكۈزدى

ژۇرنىلىمىز خەۋىرى: ھىجرىيىنىڭ 1407-يىلدىكى قۇربان ھېيتىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مىلادى 1987-يىل 8-ئاينىڭ 5-كۈنى بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا زىياپەت ئۆتكۈزدى. زىياپەتكە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋۇ لىيەنيۈەن، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاۋ يەننىيەن، گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجى قاتارلىقلار قاتناشتى. زىياپەتكە يەنە جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مېھمانلاردىن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق مۇسۇلمان ئەلچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرى، بېيجىڭدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر زاتلار، ئىماملار ۋە يۇرت

www.uyghurkitap.com

ئاقساقاللىرى بولۇپ جەمئىي 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى جاڭ جىيې، مۇدىرى شىن شياشى، مۇئاۋىن مۇدىرى ئەن شۈيى، ما سۇڭتىڭ، ماشيەن، ئەخمەت ۋاجىدى قاتارلىقلار مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. زىياپەتتە مۇئاۋىن مۇدىر ما شيەن رىياسەتچىلىك قىلدى، ئالدى بىلەن، شى كۇنبىڭ ئاخۇنۇم سۈرە فاتىھەنى قىرائەت قىلدى، ئاندىن كېيىن مۇدىر شىن شياشى سۆز قىلدى، سۇدان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش ئەلچىسى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك ئەلچىلىرى ئۆمىكىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت ھەمۇد مۇھەممەت مەتتارمۇ سۆز قىلدى.

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئىل-ياس. شىن شياشىنىڭ قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە قىلغان سۆزى

**بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم**

قەدىرلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار!
قەدىرلىك مېھمانلار، دوستلار!
ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بۈگۈن ھىجرىيىنىڭ 1407 ـ يىلىدىكى قۇتلۇق قۇربان ھېيت كۈنى، خۇداغا شۈكرى، بىزنىڭ بۇ يەردە بىر جايغا جەم بولۇپ، مۇبارەك ھېيتىمىزنى بىرگە تەبرىكلەش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، مەنمۇ كۆپچىلىككە ئوخشاش ئىنتايىن خۇشالمەن. مېنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرغان بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق مۇسۇلمان ئەلچىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرىنى، ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن مۇسۇلمان مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئۇلارنىڭ رەپىقىلىرىنى، مېھمانلار ۋە دوستلارنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا ۋاكالىتەن ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن قىزغىن تەبرىكلىشىمگە رۇخسەت قىلغايسىزلەر! ھەرقايسىڭلارنىڭ ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن، تېنىڭلار سالامەت بولسۇن، خۇدا ھەممىمىزگە مەدەت ۋە بەخت ـ سائادەت بەرسۇن!

نۆۋەتتە ئېلىمىزنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى ياخشى بولماقتا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەر يولغا قويۇلۇپ، ئىجابىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا؛ ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي، دىنىي سىياسەتلەر ئومۇمیۈزلۈك ئەمەلىيلەشتى، دىنىي ئېتىقاد تولۇق ھۆرمەتكە ئىگە بولدى، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر دۆلەت تەرىپىدىن قوغدالدى، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى جارى قىلدۇرۇلدى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ھەر مىللەت زاتلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتتى، ئۇلار ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ سۆيىدىغان، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنى سۆيىدىغان بولۇپ كەتتى.

بۇ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا چاقىرىلغان جۇڭگو ئىسلام دىنى 5 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر

يىغىنى مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنىنىڭ دۆلىتىمىز يېڭى تارىخىي دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى كاتتا يىغىنى بولدى. بۇ يىغىندا 4 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر يەكۈنلىنىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىلىرى تۈزۈلدى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 5 - نۆۋەتلىك كومىتېتى بىلەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى رەھبەرلىرى ۋۇجۇدقا كەلدى.

هازىر بىز تولۇپ تاشقان ھېسسىيات بىلەن 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنى روھىنىڭ ئىلھامى ئاستىدا، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنى ۋە مۇسۇلمانلارنى يەنىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىسى، باش نىشانى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، ئىسلام دىنىغا دائىر تۈرلۈك ئىشلارنى پائال تۈردە ئوبدان ئىشلەپ، دىنىي ئىشلارنى ئوبدان يولغا قويۇپ، ئىسلام دىنى خىزمىتى بويىچە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش يولىدا يەنىمۇ تىرىشماقتىمىز. بىز قۇرئان كەرىمدىكى "ھەممىڭلار ئاللانىڭ ئاغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار" (3 - سۈرە، 103 - ئايەت) دېگەن تەلىمگە ئەمەل قىلىپ، مىللەتلەر ئارا، دىنىي مەزھەپلەر ئارا ۋە رايونلار ئارا ئىتتىپاقلىقنى چىڭىتىپ، شۇ ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىق ئاساسىدىكى سىياسىي ۋەزىيىتىنى قوغداشقا پايدا يەتكۈزۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ياخشىلىشىمىز كېرەك.

بىز مەملىكىتىمىزنىڭ مۇستەقىل - ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئەرەب، ئىسلام ئەللىرىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان دوستانە باردى - كەلدى ئالاقىمىزنى ۋە ئىسلام دىنىغا دائىر ئىلمىي مۇھاكىمە جەھەتتىكى ئالاقىمىزنى داۋاملىق مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز ئارا چۈشىنىش ۋە ئالاقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى چىڭىتىشىمىز كېرەك. بىز ئەرەب ئەللىرىدىكى ۋە پەلەستىندىكى مۇسۇلمان خەلقىنىڭ قولدىن كەتكەن يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە مىللىي ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەققانىي كۈرىشىنى ئىلگىرىكىدەكلا داۋاملىق قوللايمىز، ئافغانىستاندىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ چەت ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىقنى قوغداش يولىدىكى ھەققانىي كۈرىشىنى قوللايمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز يەنە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق، تەيۋەنلىك قېرىنداشلار ۋە چەت ئەللەردە تۇرۇۋاتقان جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار ئارىسىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە دىنىي زاتلار بىلەن بولغان باردى - كەلدى ئىشلىرىنى ۋە ئالاقىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىپ تۆھپە قوشىمىز.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، دوستلار!

ئاللانىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا بەخت - سائادەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىشىنى، يەر - زېمىنگە، ئىنسانلارغا تىنچلىق ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز، بۈگۈنكى بۇ يىغىنغا قاتناشقان مېھمانلار ۋە دوستلارنىڭ ھېيتىنىڭ خۇشال ئۆتۈشىنى، ئائىلىسىنىڭ بەختلىك، ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى يەنە بىر قېتىم تىلەيمىز.

كۆپچىلىككە رەھمەت!

# سۇداننىڭ باش ئەلچىسىنىڭ قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە قىلغان سۆزى

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

قەدىرلىك قېرىنداشلار، ئاچا-سىڭىللار:

مۇبارەك قۇربان ھېيتنى تەبرىكلەۋاتقان بۇ تەنتەنىلىك كۈنلەردە، مەن ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كۆپچىلىككە ئەڭ سەمىمىي سالام ئېيتىمەن، كۆپچىلىكنى تەبرىكلەيمەن، ئاللانىڭ قۇربان ھېيتتا بىزگىمۇ، سىلەرگىمۇ بەخت-سائادەت ۋە ساق-سالامەتلىك، خۇشاللىق ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن.

قېرىنداش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى سەمىمىي ۋە قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ئۇلارنىڭ دوستانە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئاساسىي قانۇنىدىكى دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكى ۋە دىنىي مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى ئەمىر-پەرمانلارغا ئەمەل قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا قولايلىق يارىتىش يولىدا ئىجابىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىغا، شۇ ئارقىلىق جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ بايرىقى روشەن بولغان ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ توغرا دىنىنى يولغا قويۇپ، بەش پەرزنى ئادا قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ دۇنيالىقى ھەم ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن بەخت ئېلىپ كېلىدىغان «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتىن مەنىۋى كۈچ-قۇۋۋەت ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتىمەن.

بىز ئۇلارنىڭ ئىككى قولىنى مەھكەم سىقىپ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىمىز، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىنى، ئىشلىرىنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى تىلەيمىز.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، ئاچا-سىڭىللار:

پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنى سەمىمىي، قىزغىن تەبرىكلەيلى.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، ئاچا-سىڭىللار:

مۇسۇلمانلار ئۆزىدىكى جاراھەتنى ساقايتىپ، قاتمۇ قات توساقلاردىن ئۆتۈپ، ئاللانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەندە، ئۆزىنى نەقەدەر خۇشال ھېسابلايدۇ-ھە! ھالبۇكى، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلاشقاندىلا، ھەمكارلاشقاندىلا، ئۆز زېمىنىدىكى مەجبۇرىيەتنى تولۇق تونۇپ يەتكەندىلا، ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ — مۇستەملىكىچىلەر، كېڭەيمىچىلەر، جاھانگىرلار، يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى قانلىق ماجىرا ۋە تۈگىمەس ئىختىلاپ ئىچىگە ئېلىپ كىرىشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىلا، ئاندىن خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ.

مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىغا زامىن بولۇۋاتقان ئىران بىلەن ئىراق ئوتتۇ-

رىسىدىكى ئۇرۇش توختىمىغىچە مۇسۇلمانلارنىڭ خۇشاللىقىدىن ئېغىز ئېچىش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس؛

پەلەستىن ۋە ئۇلۇغ زېمىن قۇددۇس شېرىپنى ۋەھشى يەھۇدى قىساسچىلىرى ۋە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىنلا، مۇسۇلمانلار ئاندىن خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ.

لىۋاندىكى قېرىنداشلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار توختىمىغىچە، مۇسۇلمانلارنىڭ خۇشاللىقىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ؛

ئافغانىستاننى ئافغانىستانلىقلار ئۆز قولىغا قايتۇرۇپ ئالمىغىچە، ئۇلار چوڭ دۆلەتلەرنىڭ زومىگەرلىكىدىن، كېڭەيمىچىلىكىدىن ۋە ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئالمىغىچە، مۇسۇلمانلار خۇشاللىققا ئېرىشەلمەيدۇ؛

ئىسلام ئەللىرى ئىتتىپاقلىشىپ، بىر-بىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك رولىنى تەۋرەنمەي جارى قىلدۇرغاندىلا، مۇسۇلمانلار ئاندىن خۇشاللىققا ئېرىشەلەيدۇ.

بىز ئۇلۇغ ۋە قودرەتلىك ئاللانىڭ مۇبارەك قۇربان ھېيتىنى مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام ئەللىرىگە يەنە بىر قېتىم ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىزكى، ئۇ چاغدا، كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەن ئىسلام ئەللىرى ۋە مۇسۇلمانلار غەم-قايغۇدىن خالاس بولغاي، چوقۇم غەلىبىنى قولىغا كەلتۈرگەي.

قەدىرلىك قېرىنداشلار ۋە ئاچا-سىڭىللار:

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بىلەن ئىسلام ئەللىرى خەلقىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ تۇرغان مەڭگۈلۈك دوستلۇق ئالاقىسى ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش، ئىسلام ئەللىرى خەلقى بىلەن جۇڭگو خەلقى ئوتتۇرىسىدا بۇزۇلماس دوستلۇق مەۋجۇت.

بىز بۇ سەمىمىي دوستلۇقنى ئالقىشلايمىز، بۇ دوستلۇقنىڭ يەنىمۇ پارلاق نۇر چېچىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمىز.

قەدىرلىك قېرىنداشلار، ئاچا-سىڭىللار:

مېنىڭ ئۆز نامىمدىن ئۆزەمگە ۋە سىلەرگە ۋاكالىتەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى دوستلارغا — جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىگە، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ۋە خەلقىغە يۈكسەك مىننەتدارلىق ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغايسىزلەر، ئاللانىڭ ئۇلارغا دوستلۇق، ئىناقلىق، قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق يولىدا تېخىمۇ تەرەققىي قىلىش، گۈللەپ ياشناش ئىمكانىيىتى بېرىشىنى، ئۇلارنىڭ تېنىگە سالامەتلىك ئاتا قىلىشىنى تىلەيمىز.

ئاللا تىنچلىقنى، مېھرىبانلىقنى ۋە قۇتلۇقلۇقنى سىلەرگە ئاتا قىلغاي!

سۇدان جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش ئەلچىسى،

ئىسلام ئەللىرىنىڭ بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى

مۇھەممەت ھەمۇد مۇھەممەت مەتتار

1407-ھىجرىيە 12-ئاينىڭ 10-كۈنى

www.uyghurkitap.com

# جايلاردا ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ياكى ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا قىسقىچە خەۋەرلەر

## گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنى 1987 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى لەنجۇدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى غەلىبىلىك يېپىلدى. يىغىنغا 99 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى قاتناشتى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق (شەھەرلىك) ۋە ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ھەم ئالاقىدار تارماقلاردىكى يولداشلار سىرتتىن قاتناشتى.

يىغىندا مۇدىر ما جۇڭيۈڭ سۆز قىلدى ۋە بۇ سۆز مۇزاكىرە قىلىندى؛ مۇئاۋىن مۇدىر ما رۇلىن جۇڭگو ئىسلام دىنى 5 - قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى؛ مۇئاۋىن مۇدىر جۇگۇەنجۈن يىغىندا دائىمىي ھەيئەت نامىدىن خىزمەت دوكلاتى بەردى ۋە بۇ دوكلات قاراپ چىقىلدى؛ بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىسى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە بەلگىلەندى؛ يىغىندا يەنە «مەسچىتلەرنى باشقۇرۇش نىزامى (سىناق تەرىقىسىدە)» پرىنسىپ جەھەتتىن ماقۇللاندى، «ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3 - نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 2 - قېتىملىق يىغىنىنىڭ قارارى» ماقۇللاندى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى يېڭىدىن تولۇقلاپ سايلاندى، ما جۇڭيۈڭ پەخرىي مۇدىر، ما شۆخەي مۇدىر، شيەن يۈرېن، ما فۇ، ما فۇچۈنلار مۇئاۋىن مۇدىر، ما فۇچۈن قوشۇمچە باش كاتىپ بولدى.

(شياۋيۈچۈن)

## بېيجىڭ شەھىرى چاۋياڭ رايونىدا ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

بېيجىڭ شەھىرى چاۋياڭ رايونى 1986 - يىل 12 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چاڭيىڭ خۇيزۇ يېزىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ 2 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىردى، يىغىندا رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى رەسمىي قۇرۇلدى.

يىغىنغا رايون بويىچە 44 نەپەر رەسمىي ۋەكىل قاتناشتى، 17 نەپەر ۋەكىل يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ماچۈنپۇ ئاخۇنۇم ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن «چاۋياڭ رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات» بەردى، يىغىندا چاۋياڭ رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ 1980 - يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خىزمىتى يەكۈنلەندى.

يىغىندا ماچۇنپۇ ئاخۇن مۇدىرلىققا، چىن يۈۋېن ئاخۇن ۋە ماچىڭشيۇك مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ماچىڭشيۇك قوشۇمچە باش كاتىپلىققا سايلاندى. 19 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى سايلىنىپ، ئۇلاردىن رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى تەشكىل قىلىندى.

(چاۋياك رايونلۇق خەلق ئىشلىرى ئىدارىسى)

## بېيجىڭ شەھىرى دۇڭچېڭ رايونىدا ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

بېيجىڭ شەھىرى دۇڭچېڭ رايونلۇق ئىسلام دىنىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1987-يىل 3-ئاينىڭ 19-كۈنىدىن 20-كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا رەسمىي ئۆتكۈزۈلدى. يىغىن داۋامىدا رايونلۇق پارتكوم، رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ۋە شەھەردىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا قاتنىشىپ يىغىننى تەبرىكلىدى. يىغىندا رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئەي يىزەي خىزمەت دوكلاتى بەردى. 1980-يىلدىن بۇيان، رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى كەڭ مۇسۇلمانلارنى پارتىيىنىڭ فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشقا ئۇيۇشتۇردى، ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ مەسچىت مۈلۈكلىرى ماجىرالىرىنى بىرتەرەپ قىلدى، مەسچىتلەرنى ئەسلىگە كەلتۈردى، خۇيزۇ باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە مۇسۇلمانلار يەسلىسى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەمەلىي ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردى. رايونىنىڭ رەھبىرى قىلغان سۆزىدە رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ بىرنەچچە يىلدىن بېرى قىلغان ئىشلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت توغرىسىدا تەلەپلەرنى قويدى.

ۋەكىللەر مۇزاكىرە قىلىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ئەي يىزەينى مۇدىرلىققا، چېك گۇاڭيۈەن قاتارلىق ئالتە كىشىنى مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلىدى.

(جىن لىن، ماشيۇجېن)

## بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونىدا ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونلىق ئىسلام دىنى 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1987-يىل 6-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 120 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى. نيۇجيې مەسچىتىنىڭ ئىمامى شى كۈنبىن رايوناۋق ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ نامىدىن تەييارلىق خىزمىتى ئۈستىدە دوكلات بەردى، بېيجىڭ شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاجيۈەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ماشيەن ۋە شۈەنۋۇ رايونىنىڭ باشلىقى جىن سۇڭلىن يىغىندا سۆز قىلدى. يىغىندا رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى نىزامنامىسى ماقۇللاندى، شى كۈنبىن مۇدىرلىققا، ماخاۋچۈەن، ما شاۋتىڭ، ماياۋ، ياڭ داچى، لى زېڭلۇ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ياڭ داچى قوشۇمچە باش كاتىپلىققا سايلاندى، 21 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 63 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى سايلىنىپ، ئۇلاردىن 1-نۆۋەتلىك كومىتېت تەركىپ تاپتى.

(ئەلى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## بېيجىڭ شەھىرى چۇڭۋېن رايونىدا ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

بېيجىڭ شەھىرى چۇڭۋېن رايونلۇق ئىسلام دىنىنىڭ 1 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1987 - يىل 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئېچىلدى، يىغىندا رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى لى چيۇنۇڭ خىزمەت ئۈستىدە دوكلات بەردى، رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى مۇزاكىرە قىلىندى ۋە ماقۇللاندى، سايلام ئارقىلىق رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرىي ئورگىنى ۋۇجۇتقا كەلدى، لى چيۇنۇڭ مۇدىرلىققا، ليۇ ۋېنيۇ، لى چىشيەن، ۋاڭ خۇگجى ۋە تيې ئېنشۇلار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ۋاڭ خۇگجى قوشۇمچە باش كاتىپلىققا سايلاندى.

(شيا ۋېيۇ)

## بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونىدا ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونلۇق ئىسلام دىنىنىڭ 2 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1987 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئېچىلدى. يىغىنغا رايون بويىچە ھەر كەسىپ، ھەر ساھەدىن كەلگەن 104 نەپەر ۋەكىل ۋە 7 نەپەر تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىل قاتناشتى. شىچېڭ رايونلۇق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىرى ھەم بېيجىڭ شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتنىشىپ يىغىننى تەبرىكلىدى. يىغىندا شىچېڭ رايونلۇق ئىسلام دىنى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ۋېڭ شىگسەن خىزمەت ئۈستىدە دوكلات بەردى، سايلام ئارقىلىق 50 نەپەر ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىپ تاپقان شىچېڭ رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋۇجۇتقا كەلدى، ۋېڭ شىگسەن ئاخۇنۇم مۇدىرلىققا، ۋېي يۈسەي، ليۇ دېبىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، ما چاگجى باش كاتىپلىققا سايلاندى.

(ۋاڭ جىگچۈن)

## گۇاڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام دىنىنىڭ 6 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئېچىلدى

گۇاڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام دىنىنىڭ 6 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1987 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە گۇاڭجۇ شەھىرىدىكى خۇەيشېڭسى مەسچىتىدە تەنتەنە بىلەن ئېچىلدى. يىغىنغا شەھەر بويىچە ھەرقايسى رايون ۋە ھەرقايسى سەپتىن كەلگەن 101 نەپەر مۇسۇلمانلار ۋەكىلى قاتناشتى.

يىغىن مەزگىلىدە، ۋەكىللەر ياڭ خەنگۇاڭ ئاخۇنۇم يەتكۈزگەن جۇڭگو ئىسلام دىنىنىڭ 5 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ روھىنى ئاڭلىدى. مۇئاۋىن مۇدىر ما فېڭدا گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى رېن ۋۇجىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى ۋە گۇاڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى خىزمىتى ئۈستىدە دوكلات بەردى. ۋەكىللەرنىڭ چوڭقۇر مۇزاكىرە قىلىشى ئارقىلىق گۇاڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، ياڭ خەنگۇاڭ

مۇدىرلىققا، ما خۇيگو، ياڭ دۇڭسەي، ما فېڭدا، ياڭ تاڭ ۋە ما يۇجۇن مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى، 35 نەپەر ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىب تاپقان گۇاڭجۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 6-نۆۋەتلىك كومىتېتى ۋۇجۇتقا كەلدى.

يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا گۇاڭجۇ شەھەرلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى گۇەن پېي مۇھىم سۆز قىلدى.

ئاخىرى، ۋەكىللەر بىر ئېغىزدىن يىغىننىڭ قارارىنى ماقۇللىدى، يىغىن ئىتتىپاقلىق، دوستلۇققا تولغان قىزغىن كەيپىياتتا ئاياقلاشتى.

(نۇر مۇھەممەت)

## خەينەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

خەينەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام دىنىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1987-يىل 7-ئاينىڭ 15-كۈنى چىڭخەي ئۆلكىسى خەينەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى گۇڭخې ناھىيىسىدە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىندا ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، چاپچا بازىرى مەسچىتىنىڭ ئىمامى تەن جۇڭكې مۇدىرلىققا، فا شېڭدې، لا جېڭخۇا مۇئاۋىن مۇدىرلىققا سايلاندى. يىغىندا يەنە «خەينەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» ۋە «خەينەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەھدىنامىسى» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى.

خەينەن زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى چىڭخەيخۇ كۆلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، چىڭخەي ئۆلكىسى بويىچە ئالتە چارۋىچىلىق ئوبلاستىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەۋەسىدە 5 ناھىيە بار، خۇيزۇ، سالا، باۋئەن، دۇڭشياڭ مۇسۇلمانلىرى 20 مىڭ 500 كىشىدىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئوبلاستنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگە تارقالغان. پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت تەييارلىق قىلىش ئارقىسىدا، ئاخىرى ئوبلاست بويىچە ھەرقايسى مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي ئىشلارنى ئۆزى باشقۇرىدىغان ۋەتەنپەرۋەر دىنىي تەشكىلاتى قۇرۇلدى، بۇ ئۆلكىمىزدە خەيشى موڭغۇل، زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىن كېيىن موڭغۇل، زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىرىدا قۇرۇلغان ئىككىنچى ئىسلام جەمئىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاق ۋە ئىناق ئىكەنلىكىنى ۋە پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئوبدان ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىدەك ياخشى ۋەزىيەتنى گەۋدىلەندۈردى.

يىغىن داۋامىدا، چىڭخەي ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى خەن شېڭگۈي ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كۆۋرۈكلۈك رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ۋە دىننى قانداق قىلىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆز قىلدى. ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى

ماشىكلومۇ نۆۋەتتە پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى قانداق قىلىپ ئەتراپلىق توغرا چۈشىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلەر ئۈستىدە سۆز قىلدى. ۋەكىللەر مۇنداق دېيىشتى: بۇ قېتىمقى يىغىن سىياسەتنى ئۆگىنىدىغان ياخشى يىغىن بولدى، ئۇ بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە بىر قېتىم قايتا تەربىيە بولدى، بۇنداق پۇرسەتكە ئىگە بولۇش ئاسان ئەمەس.

(خەن دېمىڭ)

## شىجياجۇاڭ ۋىلايىتىدە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

شىجياجۇاڭ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 1987 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گاۋچېڭ ناھىيىسىدىكى جيۇمېڭ مەسچىتىدە قۇرۇلدى، يىغىنغا مۇسۇلمانلار ۋەكىلىدىن 33 نەپەر كىشى قاتناشتى. يىغىندا «شىجياجۇاڭ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» ۋە شىجياجۇاڭ ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارى ماقۇللاندى، جاۋ يۈجېن مۇدىر، گەن جۈنيىڭ مۇئاۋىن مۇدىر ۋە دى شىن باش كاتىپ بولغان شىجياجۇاڭ رايونى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلدى.

(جاڭ جيەنيىڭ، جاۋ يەنشيۇ)

## نەنياڭ ۋىلايىتىدە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

خېنەن ئۆلكىسى نەنياڭ ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1987 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە نەنياڭ شەھىرىدىكى مېيشى مېھمانخانىسىدا تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا ۋىلايەت بويىچە 13 ناھىيە، شەھەردىن كەلگەن ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار ۋەكىلىدىن بولۇپ 70 كىشى قاتناشتى. يىغىنغا نەنياڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، ۋىلايەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى.

يىغىندا ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى ئۈستىدە دوكلات بېرىلدى ۋە بۇ دوكلات قاراپ چىقىلدى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى، يىغىنىنىڭ قارارى ماقۇللاندى، بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپە مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا دېموكراتىك كېڭىشىش ئارقىلىق ليۇجىنياۋ، دىڭ بىڭنەن ئاخۇنۇم پەخرىي مۇدىرلىققا، بەي لىشىن ئاخۇنۇم مۇدىر، ياڭ يۈچىڭ، ما جۇڭشياڭ، لى خۇەيمىن ئاخۇنۇم مۇئاۋىن مۇدىر، خەي گۇڭچېن باش كاتىپ بولغان ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاندى.

(مەي لىنپىڭ)



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ۋۇشى شەھىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ 2 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

جياڭسۇ ئۆلكىسى ۋۇشى شەھەرلىك ئىسلام دىنىنىڭ 2 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1986 - يىل 12 - ئاينىڭ 6 - ، 7 - كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 32 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، شەھەرلىك مىللىي، دىنىي ئىشلار باشقارمىسى ۋە ھەرقايسى رايون، ناھىيىلەرنىڭ بىرلىك سەپ بۆلۈملىرى، مىللىي، دىنىي تارماقلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار ھەم شەھەردىكى ھەرقايسى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا كېلىپ يىغىننى تەبرىكلىدى ۋە سۆز قىلدى؛ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىمۇ تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى.

يىغىندا خىزمەت ئۈستىدە دوكلات بېرىلدى ۋە دوكلات قاراپ چىقىلدى، تۆت يىللىق خىزمەتنى خۇلاسە قىلغان ئاساستا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت ۋەزىپىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى؛ ۋۇشى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى ۋە ماقۇللاندى، يىغىننىڭ قارارى ماقۇللاندى؛ سايلام ئارقىلىق مابوچيەن مەسلىھەتچى، ماجۇڭچى مۇدىر، تاۋ گۇاڭيۇ، مايۇيى مۇئاۋىن مۇدىر، فېڭ يالى باش كاتىپ بولغان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلدى.

(شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## پىڭدىڭشەن شەھىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ 1 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

خېنەن ئۆلكىسى پىڭدىڭشەن شەھەرلىك ئىسلام دىنىنىڭ 1 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1986 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - ، 25 - كۈنلىرى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىنغا ئالتە ناھىيە، ئۈچ رايوندىن كەلگەن 52 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر مۇناسىۋەتلىك قارارلارنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە ماقۇللىدى، يىغىندا 14 ھەيئەت ئەزا - سىدىن تەركىب تاپقان پىڭدىڭشەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلدى. ۋاڭ جىنيۈەن ئاخۇنۇم مۇدىرلىققا، خەي يۈجىڭ، دۇشاڭسى ۋە شىي كېشۈەن ئاخۇنۇملار مۇئاۋىن مۇدىرلىققا، جاۋ دۇڭلياڭ باش كاتىپلىققا سايلاندى.

(پىڭدىڭشەن شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## زىبو شەھىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ 2 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

شەندۇڭ ئۆلكىسى زىبو شەھەرلىك ئىسلام دىنىنىڭ 2 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1986 - يىل 12 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە زىبو شەھىرىدىكى جاڭدىيەن مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا شەھەردىكى بەش رايون، بىر ناھىيىدىن كەلگەن 60 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى.

يىغىندا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1 - قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمىتى

ئۈستىدىن بىرلىگەن دوكلاتى قاراپ چىقىلدى، شا شىنچىڭ ئاخۇنۇم مۇدىر، ما خاۋ، جاۋ چۈەنمەن جاۋ جۇڭفۇ، جاۋ خۇيىڭ مۇئاۋىن مۇدىر، ما خاۋ قوشۇمچە باش كاتىپ بولغان 2-نۆۋەتلىك كومىتېت سايلاندى.

شەھەرلىك ئالاقدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا قاتناشتى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى.

(ما جىنگې)

## مىنچۈەن ناھىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

خېنەن ئۆلكىسى مىنچۈەن ناھىيىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 4-ئاينىڭ 28-كۈنى تەنتەنە بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا قاتناشقان 73 نەپەر ۋەكىل ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گەي بىڭگۇاڭ بەرگەن تەييارلىق خىزمىتى ئۈستىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ۋە دىڭ گۇاڭجى ئاخۇنۇم مۇدىر بولغان، 18 نەپەر ھەيئەت ئەزاسىدىن تەركىپ تاپقان مىنچۈەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى كومىتېتى سايلاندى.

(شيەن جۇ)

## لۇڭدې ناھىيىسىدە ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى لۇڭدې ناھىيىلىك ئىسلام دىنىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1986-يىل 9-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا جاڭيى، ياڭخې قاتارلىق يېزا ۋە بازارلاردىن كەلگەن ۋەكىللەر قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى مۇيلەن ھاجى ئالايىتەن يىغىنغا كېلىپ يىغىننى تەبرىكلىدى، يىغىنغا ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى.

يىغىندا ما ۋېنشيۇ مۇدىر، ما جىنفۇ، سۇ ۋېنيۈەن مۇئاۋىن مۇدىر بولغان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1-نۆۋەتلىك كومىتېتى سايلاپ چىقىلدى.

(دىڭ ۋېن)

## پېڭياڭ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى قۇرۇلدى

نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى پېڭياڭ ناھىيىلىك ئىسلام دىنىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1986-يىل 11-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 30-كۈنىگىچە ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا 43 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى، يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتناشتى؛ گۇيۈەن ۋىلايىتىنىڭ ئالاقدار تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ يىغىنغا قاتناشتى ۋە يىغىندا سۆز قىلدى.

يىغىندا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ما جىشۇڭ تەييارلىق خىزمىتى ئۈستىدە دوكلات بەردى؛ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى ماقۇللاندى، ما مىڭچۈن مۇدىر، ما خەنجۇن، ما جاۋمىڭ ۋە ماسۇگېن مۇئاۋىن مۇدىر بولغان ھەم 17 نەپەر ھەيئەت ئەزاسى بولغان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1-قېتىملىق كومىتېتى سايلاندى.


(دىڭ ۋېن)

# شياڭگاڭغا زىيارەت

شېن شياشى، مايۇنەۋ

1987 - يىلى 1 - ئاينىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بەش كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى شياڭگاڭ جۇڭخۇا مۇسۇلمانلار مېھرىبانلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تۇۋپىيشەن بىلەن شياڭگاڭ ھاۋالە فوندى باش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى زاھىرنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، تۇنجى قېتىم شياڭگاڭ رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنى ئالتە كۈن دوستانە زىيارەت قىلىپ، شياڭگاڭدىكى ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرى ھەم ھەر ساھەدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ۋە سەمىمىي كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتۇق، بۇ زىيارەت بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چۈشتە، بىز ئولتۇرغان ئايروپىلان شياڭگاڭنىڭ ۋىكتورىيە ئايرودرومىغا چۈشكەندە، جۇڭخۇا مۇسۇلمانلار مېھرىبانلىق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تۇۋپىيشەن بىلەن شياڭگاڭ ھاۋالە فوندى باش جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى زاھىرنىڭ ۋەكىلى سەفا باشچىلىقىدىكى سەككىز ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. شۇ كۈنى ئاخشىمى ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىرلىشىپ 200 نەچچە كىشىلىك كاتتا قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى، ھەرقايسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ شياڭگاڭدا تۇرۇشلۇق باش كونسۇللىرى تەكلىپكە بىنائەن زىياپەتكە قاتناشتى. ساھىپخان تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: "بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر تارىخىي پەيت، چۈنكى بىز دۇنياۋى شەھەر بولغان شياڭگاڭدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەسمىي ۋەكىللەر ئۆمىكىنى تۇنجى قېتىم قارشى ئېلىۋاتىمىز. بىز جۇڭگولۇق دىنداشلارنىڭ كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولغانلىقىغا بەكمۇ خۇشالمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ شياڭگاڭدا ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ۋە خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان زىيارەتتە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز." زىياپەت باشتىن - ئاخىر قىزغىن ۋە دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى.



www.uyghurkitap.com

شىياڭگاڭ مۇسۇلمانلار تەشكىلاتى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن بىرلەشمە كۈتۈۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. ھەرقايسى تەشكىلاتلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا كۈندىلىك پائالىيەتلەرنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى، بارغانلا يېرىمىزدە ئاممىۋى خاراكتېرلىك كاتتا كۈتۈۋېلىش يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى ۋە زىياپەت ئۆتكۈزدى. ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا بىز ئالتە مەسچىتنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلدۇق، ھەرقايسى مەسچىتنىڭ ئىماملىرى بىلەن كۆرۈشتۇق، بىللە ناماز ئوقۇدۇق، دىنىي ئىشلار تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردۇق. ئىنگلىزچە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا مەكتىپىنى، مۇسۇلمانلار پائالىيەت مەركىزىنى، كىلۇب، كۈتۈپخانا ۋە داۋالاش-پاراۋانلىق ئىنشائاتى قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. 1-ئاينىڭ 23-كۈنى — جۈمەكۈنى ساھىپخان بىزنى شىياڭگاڭدىكى ئەيچۇنداۋ مەسچىتىدە جۈمە ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئۆمىكىمىزنىڭ ئەزاسى، بېيجىڭ نىيۇجيې مەسچىتىنىڭ ئىمامى ۋاڭ لىيەنجۇڭ ئاخۇنۇم ئىمام بولدى، بېيجىڭ دۇڭسى مەسچىتىنىڭ ئىمامى چېن گۇاڭيۈەن ئاخۇنۇم "خۇتبە" ئوقۇدى، بۇ شىياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن بارغان مۇسۇلمانلار ئۆمىكىگە بولغان ھۆرمىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئىسلام دىنى پەيدىنپەي شىياڭگاڭغا تارقىلىشقا باشلىغان، ئاساسەن، جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىن ۋە ئەرەبىستاندىن مۇسۇلمان سودىگەرلەرنىڭ شىياڭگاڭغا كېلىپ تىجارەت قىلىشى بىلەن، شۇنىڭدەك ئەنگلىيىگە قاراشلىق ھىندىستان ئارمىيەسىدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەسكەرلەرنىڭ شىياڭگاڭنى مۇھاپىزەت قىلىشقا يۆتكەپ كەلتۈرۈلۈشى بىلەن تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ شىياڭگاڭغا كېلىپ تىجارەت قىلىشى بىلەنمۇ تارقالغان. ھازىر شىياڭگاڭدا 30 مىڭدىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار ئىكەن. جيۇلۇڭ مەسچىتى، ئەيچۇنداۋ مەسچىتى، شېيلىجيې مەسچىتى، جيەنيۇ مەسچىتى، ئۇنىڭدىن باشقا مېھرىبانلىق جەمئىيىتى مەسچىتى بىلەن داۋۇت بۇخارى مەسچىتى بولۇپ، چوڭ-كىچىك ئالتە مەسچىت بار ئىكەن. بۇلار ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ مەسچىت جيۇلۇڭ مەسچىتى بولۇپ، 1896-يىلى سېلىنىپ، 1902-يىلى قايتا رېمونت قىلىنغان، 1984-يىلى شىياڭگاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل توپلاپ قايتىدىن سېلىشى بىلەن، ئۆتكەن يىلى پۈتكەن. بۇ مەسچىتنىڭ 1-قەۋىتى چوڭ زال ۋە دەرسخانا، ئىشخانا ئىكەن؛ 2-قەۋىتى كەڭرى ۋە يورۇق-ئازادە خانىقا؛ 3-قەۋىتى ئاياللار ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ مەسچىتتە يەنە كۈتۈپخانا ۋە سەراپ، داۋالاش ئورنى بار بولۇپ، بۇ مەسچىت جيۇلۇڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق پائالىيەت سورۇنى ئىكەن. شېيلىجيې مەسچىتى ئەرەب پوسۇنىدا سېلىنغان، تاشقى كۆرۈنۈشى ئۆزگىچە، ئەپچىل، ئەتراپى جىمجىت مەسچىت بولۇپ، مۇسۇلمانلار تائەت-ئىبادەت قىلىدىغان ياخشى جاي ئىكەن. ئەيچۇنداۋ مەسچىتى شىياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمە جەمئىيىتى تۇرۇشلۇق بىنانىڭ 2-قەۋىتىدە بولۇپ، يورۇق-ئازادە، جاھازلىرى ئېسىل مەسچىت

ئىكەن، شىياڭگاڭدىكى مۇسۇلمانلار جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىنى مۇشۇ مەسچىتتە ئوقۇيدىكەن.

ئۇقۇشىمىزچە، شىياڭگاڭدا شىياڭگاڭ جۇڭخۇا مۇسۇلمانلار مېھرىبانلىق جەمئىيىتى، شىياڭگاڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى، مۇسۇلمان ئاياللار جەمئىيىتى، مۇسۇلمانلار ھاۋالە فوندى باش جەمئىيىتى، شىياڭگاڭ ئىسلام بىرلەشمە جەمئىيىتى، شىياڭگاڭ پاكىستان جەمئىيىتى، شىياڭگاڭ ھىندىستان مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى، شىياڭگاڭ داۋۇت بۇخارى جەمئىيىتى قاتارلىق سەككىز ئىسلام دىنى تەشكىلاتى بار ئىكەن. ئالدىنقى ئۈچى جۇڭگولۇق مۇسۇلمانلارنىڭ تەشكىلاتى، كېيىنكى بەشى چەت ئەللىك مۇسۇلمانلارنىڭ تەشكىلاتى ئىكەن. بۇ ئىسلام تەشكىلاتلىرى ئاللانىڭ يولىدا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تارقىتىپ، ئىسلام مائارىپى ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، شىياڭگاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر، شىياڭگاڭ بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق-دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىياڭگاڭنىڭ مۇقىم، ئاۋات بولۇشى ئۈچۈن، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن، بۇ ھەقىقەتەن ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ.

ئېكسكۇرسىيە-زىيارەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە زىياپەتكە قاتنىشىش، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش پائالىيەتلەر ئارقىلىق، بىز شىياڭگاڭدىكى ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ باشلىقلىرى، خىزمەتچىلىرى، ئىسلام دىنىي ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن كەڭ تۈردە ئۇچراشتۇق ۋە تونۇشتۇق. سۆھبەت داۋامىدا ئۇلار ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ماختىدى، ئىچكى ئۆلكىدىكى مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، ئۆز ئارا دوستانە بېرىش-كېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار جۇڭگو-ئەنگلىيە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ شىياڭگاڭ مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىرلەشمە باياناتىنى، 1997-يىلىدىن باشلاپ "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم" يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ 50 يىلغىچە ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، شىياڭگاڭنىڭ كەلگۈسى مۇقىملىقى ۋە ئاۋاتلىقىغا ئىشەنچ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇلار يەنە ۋەتىنىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ۋەتىنىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، بۇلار بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

1-ئاينىڭ 26-كۈنى، ئۆمىكىمىز شىياڭگاڭغا قىلغان زىيارىتىنى ئاياغلاشتۇرۇش ئالدىدا، چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا لىيۇەن رېستورانىدا خوشلىشىش يۈزىسىدىن چاي بەردۇق، ئۇنىڭغا ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ھەر ساھەدىكى جۇڭگولۇق، چەت ئەللىك مۇسۇلمان زاتلار، ئىماملار، ئالىملار تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى، چاي تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىچكى ئۆلكىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن شىياڭگاڭلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقلىق-دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى، كۆپچىلىك ئىنتايىن خۇشال بولدى. چايدىن كېيىن بىز شىياڭگاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقىنى ئېلىپ، رەئىس توۋبىشەن، رەئىس زاھىرنىڭ ۋەكىلى سەفانىڭ ۋە قايسى مۇسۇلمانلار تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەمراھلىقىدا، ماشىنا بىلەن ئايرودرومغا كەلدۇق، ئۇلار بىزنىڭ پۈتۈن شىائىگاك مۇسۇلمانلىرىنىڭ سالامىنى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلارغا چوقۇم يەتكۈزۈشىمىزنى قايتا ـ قايتا تاپىلىدى.

ئۆمىكىمىزنىڭ بۇ قېتىم شىائىگاك مۇسۇلمانلىرىنى دوستانە زىيارەت قىلغان ۋاقتى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ دوستلۇقىمىز مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ، بىز ئىشىنىمىزكى، زىيارەت ئارقىلىق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مۇسۇلمانلار بىلەن شىائىگاك مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە بېرىش ـ كېلىش چوقۇم تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك ـ دوستلۇق مۇناسىۋەتتى يەنىمۇ كۈچىيىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ.

ئاللا بىزگە مەدەت بەرگەي.

# تۈركىيىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن

## ـــ مۇدىر شېن شياشىنىڭ تۈركىيىنىڭ دىنىي ئەھۋالى ئۈستىدە ئېيتقانلىرى

### يې دىڭ

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەلقئارا ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ جىشياڭ ئۆمەك باشلىقى، ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى مۇدىرىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى شېن شياشى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان جۇڭگو خەلقئارا ئالماشتۇرۇش جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تۈركىيە مىللىي پارلامېنتى تۈركىيە ـ جۇڭگو تەرەققىيات گۇرۇپپىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن 1987 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە تۈركىيىدە زىيارەتتە بولدى.

مۇدىر شېن شياشى زىيارەتنى تۈگىتىپ كەلگەندىن كېيىن، شادلىققا تولغان ھېسسىياتى بىلەن، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭمۇ ئۈچىنچى دۇنياغا تەۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ئىكەنلىكىنى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا بىر قەدەر تېز تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ ئۆزىدە چوڭقۇر، گۈزەل تەسىراتلارنى قالدۇرغانلىقىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ نۇقتىلىق ھالدا تۈركىيىدە زىيارەتتە بولغان مەزگىلدە، تۈركىيە ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلار بىلەن ئۇچرىشىپ، دىنىي ئىشلارغا دائىر ئەھۋاللارنى ئالماشتۇرغانلىقىنى، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، بىرمۇنچە دوست تۇتقانلىقىنى، تۈركىيىدىكى ئىسلام دىنىغا دائىر بەزى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولغانلىقىنى، ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى دوستلۇقنىڭ چىڭىۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ ئۆتتى.

پۈتۈن تۈركىيىدىكى 48 مىليون ئاھالىنىڭ 98 پىرسەنتى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىكەن، ئۇلار دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ـ قانۇنلىرىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا، نورمال دىنىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىۋېتىپتۇ، ھازىر مەملىكەت بويىچە 50 نەچچە مىڭ مەسچىت بار ئىكەن. زىيارەت مەزگىلىدە، ئەنقەرە شەھىرىدىكى كوجاتاب جامەسىنى، كۆك مەسچىت ۋە فىيا، ئىبراھىم، سۇلايمان، كەبىر مەسچىتلىرىنى، شۇنىڭدەك سەيلە ـ ساياھەت كىمىسى تۇرىدىغان پورت قاتارلىق جايلاردىكى مەسچىتلەرنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. يەنە ئىسلام دىنىغا دائىر تارىخىي ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى كۆردۇق. مۇدىر شېن شياشى مۇنداق دېدى: بۇ مەسچىتلەر قەدىمىي ئالاھىدىلىككە ۋە ئىسلام سەنئىتى ئۇسلۇبىغا ئىگە ئىكەن. بولۇپمۇ ئىستامبولدىكى كۆك مەسچىت ھەيۋەتلىك بولۇپ، نەپىس نەقىشلەر بېزەلگەن ئىكەن. ئەنقەرەدە يېڭىدىن سېلىنغان كوجاتاب جامەسىنىڭ دائىرىسى يۈز مو بولۇپ، كۆلىمى چوڭ ئىكەن، ئۇنىڭدا ئون مىڭ ئادەم ناماز ئوقۇيالايدىكەن، ھەممە مەسچىتتە ئىمام، خەتىپ ۋە مۇئەززىنلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ئىكەن، كۆپچىلىكى ياش بولۇپ، ھەم دىنىي بىلىمى، ھەم مەدەنىيەت ساۋادى بار ئىكەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ.

مۇدىر شېن شياشى تۈركىيىنىڭ ئىسلام مائارىپى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ مۇنداق دېدى: "دىنىي دەۋەت ۋە دىنىي مائارىپ"نى يولغا قويۇشمۇ تۈركىيىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن ئىكەن. ئۇمۇنداق دېدى: تۈركىيە دىنىي مائارىپ باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى خەلىپەھائىت بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇ تۈركىيىدىكى ئىسلام مائارىپىغا دائىر بەزى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى، پۈتۈن تۈركىيىدە ئىسلامشۇناسلىقنى تەتقىق قىلىدىغان سەككىز ئىسلام شۆبىۋەنى (ئوقۇتۇش ـ پەن تەتقىقاتى مەركىزى) بار ئىكەن، مەسىلەن: ئەنقەرە داشۆسىنىڭ ئىسلام شۆبىۋەنى قوشۇمچە تەتقىقات يۇرتى (شۆبىۋەنىڭ مۇدىرى، 61 ياشلىق مەرىھە خانىم نېمىسچە، ئىنگلىزچە، تۈركچە، پارسچىنى بىلىدىغان مەشھۇر ئۆلىما ئىكەن). ئىستامبول داشۆسىدە ئىسلام تەتقىقاتى يۇرتى قاتارلىقلار بار ئىكەن، بۇ شۆبىۋەنلەردە ئىسلام تەتقىقاتى خادىملىرى، ئۆلىمالار، ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈلىدىكەن، مەكتەپتىكى تەتقىقاتچى ئوقۇغۇچىلار ئىسلام تارىخى، پەلسەپە، قانۇنشۇناسلىق، فىقھە قاتارلىقلارنى ئۆگىنىدىكەن، تەتقىق قىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ مۇددىتى تۆت يىل ئىكەن، ئۇلار ئەرەبچە ۋە ئۆز دۆلەت تىلىنى ئۆگىنىدىكەن. پۈتۈن مەملىكەتتە يەنە باشلانغۇچ ئىسلام دىنى مەكتەپلىرى ۋە «قۇرئان كەرىم» ئۆگىنىدىغان قارىيخانىلار بار ئىكەن.

تۈركىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭمۇ ئۆز دىنىي تەشكىلاتلىرى بار ئىكەن، مەملىكەت بويىچە تۈركىيە دىنىي ئىشلار كومىتېتى بار بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلار سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدىكەن. بىز بۇ كومىتېتقا يېڭىدىن رەئىس بولغان مۇستاپا سايىت ياجىگىئونى زىيارەت قىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا دائىر ئەھۋاللىرى ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردۇق، رەئىس مۇستاپا تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىلەردە

دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ شۆبىلىرى بار، ئۇلارنىڭ مەسئۇللىرى ئابرويلۇق ئىمام ياكى موللا كىشىلەر. زىيارەت مەزگىلىدە بىز يەنە دىنىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بەزى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك شۆبىلىرى مەسئۇللىرىنىڭ كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق، ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ دىنىي ئاپپاراتلىرى دىنىي ئىشلارنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن بىرتەرەپ قىلىدىكەن، تەفسىر قىلىدىكەن، مەسىلە بايان قىلىدىكەن، كەڭ مۇسۇلمانلارنى تەربىيىلەيدىكەن، دىنىي كىتابلارنى نەشر قىلىدىكەن، ھەج-تاۋاب ئىشلىرىنى ئۇيۇشتۇرىدىكەن ھەمدە دىنىي ساھەدىكىلەرنىڭ تەلەپ ۋە مەسىلىلىرىنى ئىنكاس قىلىشقا مەسئۇل بولىدىكەن.

مۇدىر شېن شياشى جۇڭگو-تۈركىيە خەلقلىرى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ھەم ئالاقە ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ، چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا: بۇ قېتىم پۇرسەت چىقىپ دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىگە قاتنىشىپ تۈركىيىنى زىيارەت قىلدىم، مېنى جۇڭگونىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى زاتلارنىڭ دوستانە ئەلنى زىيارەت قىلغان تۇنجى ۋەكىلى دېيىشكە بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىنتايىن خۇشال، دېدى. ئۇ تۈركىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا بولغان دوستانە مۇھەببىتىنى بىۋاسىتە ھېس قىلغان. ئۇ ئەنقەرە شەھىرىدە يېڭىدىن سېلىنغان كوجاتاب جامەسىدە جۈمە نامىزى ئوقۇغان چاغدىكى كىشىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئەھۋاللارنى مەمنۇنىيەت بىلەن سۆزلەپ بەردى: جۈمە نامىزىدىن ئاۋال جامەنىڭ ئىمامى ناماز ئوقۇغىلى كەلگەن بەش مىڭدىن ئارتۇق جامائەتكە مېنىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئىكەنلىكىمنى تونۇشتۇردى، شۇ زامات قىزغىن ئالقىش ياڭرىدى؛ نامازدىن كېيىن مىڭغا يېقىن مۇسۇلمان ئولىشىپ كېلىپ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ، قۇچاقلىشىپ، سالاملاشتى، مېنى ئورىۋېلىپ، دەرۋازىغىچە ئېلىپ باردى، بۇ، تۈركىيە خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىنىڭ جۇڭگو خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىغا بولغان چوڭقۇر دوستلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىزغىن ۋە تەسىرلىك مەنزىرە مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

بۇ قېتىمقى زىيارەت ئارقىلىق جۇڭگو-تۈركىيە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئالاقە ئورنىتىلدى، ئۆزئارا چۈشىنىش ئىلگىرى سۈرۈلدى، ئىككى دۆلەت خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئىشىنىش چوڭقۇرلاشتى.

مۇدىر شېن شياشى ئاخىردا مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن، جۇڭگو-تۈركىيە مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدا دوستانە ئالاقە ۋە بېرىش-كېلىشنى كۈچەيتىپ، ئىسلام ئىلمى ۋە مەدەنىيىتىنى ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقى، مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنىڭ دوستانە ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، ئىسلام دىنىي ئىشلىرى، دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن ئورتاق تۆھپە قوشۇشىمىز كېرەك.

ئۇ يەنە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئارقىلىق تۈركىيە خەلقى ۋە مۇسۇلمانلىرىغا يەنە بىر قېتىم سالام يوللايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلاردىن ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ماراكەشكە سەپەر

لى خۇايڭ

بۇ يىل رامىزان ئېيىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن، مەن تەكلىپكە بىنائەن ماراكەش خان ئوردىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن رامىزان ئېيى لېكسىيىسىگە قاتناشتىم. بەختىم كېلىپ بۇ دوستانە دۆلەتتە يېرىم ئاي تۇردۇم، بۇ قېتىمقى سەپەردە كۆرگەنلىرىم، ئاڭلىغانلىرىم كۆپ، بۇلارنى تۆۋەندە بايان قىلىمەن:

## پادىشاھ ئالدىدا لېكسىيە ئوقۇشنىڭ يېڭىلىقلىرى

يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان، پادىشاھ ھەسەن ر.ياسەتچىلىك قىلىدىغان رامىزان ئېيى لېكسىيىسى ئوردىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئوردىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئەتراپى جىمجىت ئىدى. ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىش بىلەنلا چاسا ياسالغان كۆل كۆزگە تاشلىنىدۇ. كۆل ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتكەن يولغا ئالاھىدە ياسالغان سۇلياۋ سايىۋەن ئورنىتىلغان. بۇ يەردىن ئۆتكەن ئادەم خۇددى دولقۇن ئۈستىدە مېڭىپ كېتىۋاتقاندەك بولىدۇ. بۇ يەردىن ئۆتۈپ پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقسا، ئوردىنىڭ ئالدىنقى بىناسىغا — لېكسىيە زالىغا چىققىلى بولىدۇ. بۇ يىلقى لېكسىيە 5-ئاينىڭ 8-كۈنى باشلاندى. لېكسىيە ئوقۇشقا يەرلىك مەشھۇر ئۆلىمالاردىن 30 نەچچە كىشى، جۇڭگو، سەئۇدى ئەرەبىستانى، پاكىستان، ئىئوردانىيە، ئىراق، مىسىر، سۇدان، تۇنىس، سېنېگال ۋە گىۋىنىيە قاتارلىق ئون دۆلەتتىن كەلگەن مېھمان ئۆلىمالاردىن 20 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە سۇداننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى شىۋار زەھەبى ئەپەندى، ماراكەش شاھزادىسى سەئىد جانابلىرى، ماراكەش ئۈچ ئارمىيىسىنىڭ گېنېراللىرى، ئىچكى كابىنېتنىڭ مۇلكى ۋە ھەربىي ۋەزىرلىرى، جەمئىيەت ئەربابلىرى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ماراكەشتە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك ئەلچىلىرىمۇ قاتناشتى. ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بۇنىڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئىلمىي پائالىيەت ئىكەنلى-



www.uyghurkitap.com

كىنى كۆرستىدۇ. ساھىپخانىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە: رامىزان ئېيى لېكسىيىسى ئىسلام دىنى ئىلىم تەتقىقاتىنى جانلاندۇرۇپ، خەلقئارا ئىلىم ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىسلام ئەللىرىنىڭ دوستانە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پادىشاھنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك مۇلكى ۋە ھەربىي ئەمەلدارلارغا قارىتا ئەنئەنىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئىختىساسلىق خادىملارنى بايقاش ۋە ئۆستۈرۈش يوللىرىنىڭ بىرى ئىكەن.

ھەركۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە كىشىلەر زالغا كىرىپ، يەردىن ئورۇن ئېلىپ، پادىشاھنىڭ كېلىشىنى كۈتىدىكەن، پادىشاھ زالغا كىرگەندە، كۆپچىلىك ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا بەخت تىلەيدىكەن. پادىشاھ كۆپچىلىكتىن ئامان-ئېسەنلىك سورىغاندىن كېيىن يەردە ئولتۇرۇپ، يىغىنغا قاتناشقانلار بىلەن بىرلىكتە دىققەتتە ئولتۇرۇپ لېكسىيە ئوقۇغۇچىلارنىڭ لېكسىيىسىنى ئاڭلايدىكەن، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئىسىل ئەنئەنىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. مەن ساھىپخانىنىڭ قىزغىن ئىلھاملاندۇرۇشى ئارقىسىدا، «جۇڭگو ئىسلام مائارىپىنىڭ ھازىرقى ۋە بۇرۇنقى ئەھۋالى» دېگەن تېمىدا سۆز تېكىستى يېزىپ چىقتىم. مەن بۇرۇن قايتىپ كېلىدىغان بولۇپ قېلىپ بۇ ماقالىنى ئۆزەم ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن لېكسىيە يىغىنىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى، ماراكەش دىنىي ئىشلار ۋەزىرى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن پادىشاھنىڭ مېنى يالغۇز قوبۇل قىلىشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. 5-ئاينىڭ 11-كۈنىدىكى لېكسىيە ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ۋەزىرنىڭ ھەمراھلىقىدا مەن پادىشاھ قېشىغا باردىم. پادىشاھ تەبەسسۇم بىلەن مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ھەم سەممىي ھالدا: "سىزنى — جۇڭگودىن كەلگەن ئالىمنى قارشى ئالىمىز!" دېدى. مەن: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن سىزگە بەخت تىلەيمەن، دېدىم ھەمدە پادىشاھقا ئەرەبچە «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ئۇنىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسىنى، «ئىبنى بەتۇتەنىڭ ساياھەت خاتىرىسى»نى تەقدىم قىلدىم، پادىشاھ سوغىنى ئالغاندىن كېيىن قايتا-قايتا "بەك ياخشىكەن" دېدى. ئارقىدىنلا ۋەزىر قولىدىكى سومكىنى ئېچىپ، پادىشاھقا "مانا بۇ مەھمۇت لى خۇايىڭ ئەپەندى ئەدەبچە يازغان سۆز تېكىستى، ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ، يېزىقىمۇ بەك ياخشى ئىكەن ..." دەپ تونۇشتۇردى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ: "بۇ مېنىڭ مەشىق تەرىقىسىدە يازغان نەرسەم، بۇنى پادىشاھقا سۇنۇشقا مۇشەررەپ بولغانلىقىم ئۈچۈن شەرەپ ھېس قىلىمەن" دېدىم. پادىشاھ قولۇمنى مەھكەم سىقىپ خۇشال ھالدا: "ئاللا سىزگە بەخت ئاتا قىلسۇن!" دېدى. قوبۇل قىلىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، شۇ سورۇندىكى ئۆلىمالار، ئەمەلدارلار بەس-بەستە مېنى تەبرىكلىدى. خۇددى شۇ يەرلىك بىر ئالىم ئېيتقاندەك، سۆز تېكىستىنى پادىشاھقا يۈزتۇرانە تاپشۇرۇش ھەقىقەتەن ئىنتايىن زور شۆھرەت ئىدى.

## رامىزان ئېيىدا مەشھۇر جايلارنى سەيلى قىلىشنىڭ خۇشاللىقى

رامىزان ئېيى مەزگىلىدە، ماراكەشلىكلەرنىڭ تۇرمۇش قانۇنىيىتى بۇزۇلۇپ كېتىدىكەن. پايتەختنى راباتنى ئالىدىغان بولساق، گەرچە ھۆكۈمەت خادىملىرى ئىشقا چىقىۋېرىدىغان بولسىمۇ،

لېكىن ھەركۇنى چۇشتىن بۇرۇن ماگىزىنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېچىلمايدىكەن، كوچىلاردا ئادەملەر، ماشىنىلار ئازىيىپ كېتىدىكەن. ئېچىلغان ئايرىم ماگىزىنلارغىمۇ كىرىدىغانلار ئىنتايىن ئاز بولىدىكەن، پۈتۈن شەھەردە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدىكەن. چۈشتىن كېيىن كوچىلار جانلىنىشقا باشلايدىكەن. گۇگۇم چۈشكەندە بىركۈن ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتقانلار ئاشپۇزۇلدا ياكى ئۆي-لىرىدە ئەزان ئېيتىلىشىنى كۈتىدىكەن. بۇ تەنتەنىلىك سادا مەسچىتلەردىن، رادىيو ئىستانسا-لىرىدىن، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىدىن ئاڭلانغان ھامان، كىشىلەر خۇشاللىق ئىچىدە ئىپتار قىلىشىدىكەن. ئەمما نازاكەتلىكلىكى بىلەن نام چىقارغان ماراكەشلىكلەر مۇشۇ چاغدىمۇ تاماققا ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىپتارلىقى مەزلىك، بايلارغىمۇ، نامراتلارغىمۇ باپ كېلىدىغان، ھەر خىل ماتېرىيالدىن ياسالغان ئەنئەنىۋى سۇيۇق تائام — خورىرتتىن باشقا، خورما، مېۋە، پىرەنىك، سۈت، يالپۇز چېيى قاتارلىقلار ئىكەن. بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا كىشىلەر داستىخاندىن تۇرۇپ ياكى شۇ جايدا، ياكى يېقىن ئەتراپتىكى مەسچىتكە بېرىپ، شام نامىزىنى ئوقۇيدىكەن. ئاندىن كېيىن پۈتۈن رابات شەھىرى بىردىنلا جانلىنىپ كېتىدىكەن: كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دۇكانلار ئېچىلىدىكەن، رەڭگا-رەڭ پار-پۇر چىراقلار توختىماي سۇۋتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىكەن. پەيغەمبىرىمىزگە مەدھىيە ئوقۇش مۇزىكىسى ئۇزۇلمەي ياڭراپ تۇرىدىكەن، ئايىغى ئۇزۇلمەي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر بىلەن تولغان كوچىلار كارامەت قىزىپ كېتىدىكەن. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئادىتىدە، رامىزان ئېيى ئاخشاملىرى ئىككى قېتىم ناماز ئوقۇغاندىن باشقا، ئاساسەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىلمايدۇ. ماراكەشتە بولسا ئۇنداق ئەمەسكەن، ئۇلار توپ-توپ بولۇپ، سايىلىق كوچىلارنى ئايلىنىدىكەن، ياكى ئۇرۇق-تۇغقان-لىرى، ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەن قەھۋەخانىلاردا قەھۋە ئىچىدىكەن، ياكى مۇزىكا كېچىلىكلىرىدە مۇزىكا ئاڭلايدىكەن، ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يار-بۇرادەرلىرىنى يوقلايدىكەن، ياكى مېھمان چاقىرىدىكەن، ياكى دىنىي لېكسىيە ئاڭلايدىكەن ... بەزى پائالىيەتلىرى ھەتتا تاڭ سەھەرگىچە داۋاملىشىدىكەن. ماراكەشلىكلەر كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ شاتلىققا چۆمگەنلىكتىن، جىسمانىي جەھەتتە چارچايدىغانلىقى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار رۇستەمسىناسىز ھالدا يېرىم كېچىدە بىر ۋاق ئوبدان تاماق يەيدىكەن، بۇنى "كەچلىك تاماق" دەپ ئاتايدىكەن. بۇ خىل ئەھۋال پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا ئاز ئۇچرايدۇ.

رامىزان ئېيى مەزگىلىدە، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي جەھەتتە خورىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتە چىقىمدار بولىدىغانلىقى پەرەزدىكى ئىش ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب ئەللىرىدىن كەلگەن بىرمۇنچە ساياھەتچىلەر بۇنى چۈشەنمەيدىكەن، ھەتتا بۇنى "ئۆزىگە ئۆزى جاپا سېلىپ، مال-مۈلۈككە زىيان يەتكۈزۈش" دەپ قارايدىكەن. لېكىن ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئېتىقاد قىلىدىغان ماراكەش خەلقى رامىزان ئېيىدا كىشىلەر ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتىدىغان، ئىقتىسادىي چىقىمى ئادەتتىكى چاغلاردىكىدىن كۆپ بولىدىغان بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتىكى ھوسۇلغا سېلىشتۇرغاندا بۇ ھېچ گەپ ئەمەس؛ چۈنكى رامىزان ئېيى ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە ئەمەل قىلىدىغان، ئىنسانى بۇرچنى ئادا قىلىدىغان ياخشى پۇرسەت، روزا تۇتۇش ئۆزىنى تەربىيىلەش، پەزىلەت يېتىشتۈرۈش يوللىرىنىڭ بىرى، دەپ قارايدىكەن. ساھىپخان تونۇشتۇرۇپ مۇنداق

دېدى: رامىزان ئېيى مەزگىلىدە مەسچىتلەرگە ئادەم لىق تولۇپ كېتىدۇ، جەمئىيەتتە يامانلىق تاشلاپ، توغرا يولغا ماڭىدىغانلار، كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغانلار روشەن ھالدا كۆپىيىدۇ؛ مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جەمئىيەتتە جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشىدىغانلىقىدا گەپ يوق، ئىسلام دىنىنىڭ ئىسىل ئەنئەنىسى تولۇق جارى قىلدۇرۇلىدۇ: ياشانغانلار تېخىمۇ كۆپ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، ياشلار تېخىمۇ كۆپ ئەخلاق تەربىيىسىگە ئىگە بولىدۇ، بالىلار تېخىمۇ كۆپ ئاسرىلىدۇ، بويتاق ئەرلەر، تۇل خوتۇنلار، يېتىم-يېسىرلەر تېخىمۇ كۆپ غەمخورلۇققا ئېرىشىدۇ، ۋاپات بولغانلار تېخىمۇ كۆپ ياد ئېتىلىدۇ... بۇنىڭدىن باشقا، دوستانە بېرىش-كېلىش ئارقىلىق كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۇقۇشماسلىق، كېلىشەلمەسلىكلەرمۇ، كۆپىنچە، رامىزان ئېيىدا كۆڭۈلدىن چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، رامىزان ئېيىنىڭ زور دىنىي ئەھمىيىتىلا بولۇپ قالماستىن، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيە-تىنىمۇ سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئېلىمىزنىڭ ماراكەشتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى خادىملارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكاس قىلىشىچە، ماراكەشنىڭ كوچىلىرىدا چۈشۈپ قالغان نەرسىنى ھېچكىم ئالمايدىكەن، كېچىلىرى ئىشىك تاقالمايدىكەن، جەمئىيەت بەك تىنچ ئىكەن، كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش ئومۇمىي ئادەت ئىكەن، دېمەك، "غايىۋى ماكان"غا ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئېھتىمال، بۇ ئۇزاق مۇددەت دىنىي ئەخلاق ئىدىيىسىنىڭ يېتىشتۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

## جۇڭگو-ماراكەش دوستلۇقى مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ

جۇڭگو بىلەن ماراكەشنى دېڭىز ئوكيانلار ئايرىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ بېرىش-كېلىش ئىشلىرى مىلادىيە 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇڭگو دېڭىزچىسى ۋاڭ دايۈەن ماراكەشنى زىيارەت قىلغان، ماراكەش ساياھەتچىسى ئىبنى بەتۇتە جۇڭگونى زىيارەت قىلغان ۋاقىتتىن تارتىپ باشلانغان. 1958-يىلى جۇڭگو بىلەن ماراكەش دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان بولۇپمۇ جۇئېنلەي زۇڭلى 1963-يىلى ماراكەشنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى داۋاملىق تۈردە راۋاجلىنىپ كەلدى. دەل شۇنداق بولغاچقا، مەن ماراكەشتە يالغۇز مېھمان بولساممۇ، قىلچە ياتسىنىپ قالمىدىم. مەن ماراكەش دىنىي ئىشلار ۋەزىرى ئابدۇل-كەبىرنى زىيارەت قىلغان چېغىمدا، ئۇ قىزغىن ھالدا: "بۇ يەر ئۆز يۇرتىڭىز، ئۆز ئۆيىڭىز. نەگە بارسىڭىز، قارشى ئېلىنىسىز" دېدى. بۇ دىپلوماتىك سۆز ئەمەس ئىدى، ئەھۋالمۇ شۇنداق بولۇپ چىقتى. مەن ئۇچراشقان ماراكەشلىكلەر، مەيلى مۇھىم ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەمەلدارلار، ئابرويلۇق ئالىملار بولسۇن ياكى ئادەتتىكى پۇقرالار بولسۇن، مېنىڭ جۇڭگولۇق مېھمان ئىكەنلى-كىمنى بىلگەنلىرىلا ئۆز تۇغقانلىرىدەك مۇئامىلە قىلدى. بەزىلىرى مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلدى، بەزىلىرى خاتىرە بۇيۇملىرى تەقدىم قىلدى، بەزىلىرى كاسابلانكىنى زىيارەت قىلغاندا ھەمراھ بولدى، بەزىلىرى تەكلىپ قىلىپ تارىخىي مەشھۇر شەھەر فىسنى زىيارەت قىلدۇردى... بولۇپمۇ مېنى تەسىرلەندۈرگىنى ماراكەشلىك مەشھۇر ئەما ئالىم مۇھەممەت ئىبنى ھەمماد ئەپەندى بولدى. بىركۈنى، ماراكەش ئۆي-ئىمارەت ۋەزىرى يىغىنغا قاتناشقانلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ

زىياپەت بەردى. تاماق ئۈستىدە، بۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالىم ماڭا: "سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزدىن جۇڭگونىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغ مەدەنىي، قەدىمىي دۆلەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام باشقا دۆلەتكە ئەمەس، جۇڭگوغا بېرىپ، بىلىم تەھسىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان، بۇنىڭ سەۋەبى شۇ. بىراق مەن بارالمايمەن، ئەگەر سىز ماڭا بىرەر خاتىرە بۇيۇمى بەرگەن بولسىڭىز ئۆزەمنى شەرەپلىك ھېس قىلغان بولاتتىم" دېدى. مەن ماجىيەن ئەپەندى تەرجىمە قىلغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى ۋە بىر نۇسخا ئەرەبچە «جۇڭگو رەسىملىك ژۇرنىلى»نى ئىبنى ھەمماد ئەپەندىنىڭ ياتىقىغا ئاپىرىپ بەرگەندە، ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ مۇنداق دېدى:"مەن سىز سوۋغا قىلغان قىممەتلىك نەرسىنى كۆرەلمىسەممۇ، سىزنىڭ ھىممىتىڭىزدىن بەك خۇشال بولدۇم... مېنىڭ سەككىز پەرزەنتىم بار، بۇ ئىككى سوۋغىڭىز ئۆيىمىزدىكىلەر شاتلىنىدىغان خاتىرە بولۇپ قالىدۇ." بۇ ئالىم ماڭا قايتا-قايتا بەخت تىلىدى ھەمدە مېنىڭ بىلەن خەت ئالاقىسى قىلىپ تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى پادىشاھنىڭ مېنى قوبۇل قىلغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندىن كېيىن، مەن تۇرۇپلا "ئاخباراتتا تىلغا ئېلىنىدىغان كىشى" بولۇپ قالدىم. بىرمۇنچە ماراكەشلىك قېرىنداشلار مېنى تەبرىكلىگەندىن تاشقىرى، مېنى زىيارەت قىلىشقا كەلگەن ئاخباراتچىلارمۇ ئاز بولمىدى. دۆلەتلىك رادىيو ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى ئەلبۇئەنانى ئەپەندى مېنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، رادىيو نۇتقى سۆزلەڭ دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ماراكەشتىكى تەسىراتلىرىمنى سۆزلىدىم، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ماراكەش مۇسۇلمانلىرىغا بولغان مېھرى-مۇھەببىتىنى يەتكۈزدۈم ھەمدە ماراكەش پادىشاھلىقىغا پاراۋانلىق، قۇدرەت، خەلقىغە بەخت تىلىدىم. 5-ئاينىڭ 15-كۈنى، ئايرىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىسىمۇ بۇ دوستانە دۆلەتتىن ئايرىلدىم. ماراكەش خەلقىنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى مەندە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى.



# ماراكەشنىڭ جۇمەكۈنى لېكسىيىچىلىرى يىغىنى ھەققىدە


شى كۈنبىن

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە مەن شۆيۇگزىڭ بىلەن بىرلىكتە بۇ يىل 3-ئايدا ماراكەش پادىشاھلىقىغا بېرىپ فىستە ئېچىلغان جۇمە كۈنى لېكسىيىچىلىرىنىڭ تۇنجى يىغىنىغا قاتناشتىم. ماراكەش پادىشاھلىقى ئىسلام فوندى ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە، بىز ماراكەش ھۆكۈمىتى ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق.

1987-يىل 3-ئاينىڭ 23-كۈنى چۈشتىن كېيىن، يىغىننىڭ داغدۇغىلىق ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، بۇ قېتىمقى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلغان فوند ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەزىرى ئابدۇلكەبىر ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ يىغىن ۋەكىللىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە يىغىننىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىن بەزى دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى ۋە ماراكەش تەرەپتىن قاتناشقان ۋەكىللەرمۇ كەينى-كەينىدىن سۆزگە چىقتى. يىغىنغا ماراكەشنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ۋەكىللەردىن 200 نەچچە كىشى، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق 48 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 300 نەچچە كىشى قاتناشتى. ئۇلار ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى مەشھۇر ئالىملىرى ۋە جۇمە كۈنى لېكسىيىچىلىرى ئىكەن.

يىغىن زالى تەنتەنىلىك ياسالغان بولۇپ، سەھنىنىڭ ئىككى تەرىپىگە 49 دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقى قادالغان، ھەرقايسى دۆلەت ۋەكىللىرى ئولتۇرىدىغان ئورۇننىڭ ئالدىغىمۇ شۇ دۆلەتلەرنىڭ بايرىقى قادالغان.

3-ئاينىڭ 24-كۈنىدىن 26-كۈنىگىچە، يىغىندا سۆزگە چىقىش بولدى، سۆزلەرنىڭ مەركىزىي تېمىسى جۇمە كۈنىدىكى "خۇتبە"



ئوقۇش مەسلىسى بولدى. ۋەكىللەر «قۇرئان
كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىپتىن ئاساس كەلتۈ-
رۈپ، "خۇتبە" ئوقۇش ئىسلام دىنىنى تەرغىپ
قىلىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى، ئىسلام دىنىنىڭ
ئىسىل ئەنئەنىلىرىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ
مۇھىم يولى، خۇتبە ئوقۇغاندا، دەۋرنىڭ
ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەق-
قىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، لېكسىيە
ئوقۇغۇچىلار پەزىلەتلىك ۋە بىلىملىك بولۇشى
كېرەك، دەپ قارىدى.

25-كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن رابات
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرىنىڭ زىيارى-
تىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ
ئەھۋالىنى تونۇشتۇردۇم، ئۇنىڭدىن كېيىن
يىغىن خادىملىرىنىڭ تەلىپى بويىچە يىغىندا
سۆزگە چىقىپ، ھەرقايسى ئەل ۋەكىللىرىنىڭ
قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇم.

يىغىن مەزگىلىدە، پادىشاھلىق دىنىي فوند
ۋە ئىسلام ئىشلىرى مىنىستىرلىكى ۋەزىرى
ئوردىدا زىياپەت بېرىپ، ھەرقايسى ئەل
ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋالدى، يەنە بىزنى قوبۇل
قىلدى. بىز جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالە-
تەن ۋەزىرگە ۋە يىغىن مەسئۇلىغا سوۋغا تەق-
دىم قىلدۇق، فوند ئىشلىرى مىنىستىرلىكىگە
خەنزۇچە «قۇرئان كەرىم»، «ئىبنى بەتۇتەنىڭ
ساياھەت خاتىرىسى»، «خۇتبە» قاتارلىق
كىتابلارنى تەقدىم قىلدۇق. ۋەزىر بىزنىڭ
سوۋغا تەقدىم قىلغانلىقىمىز ۋە يىغىنغا قاتناش-
قانلىقىمىز ئۈچۈن قايتا-قايتا رەھمەت ئېيتتى
ۋە كۆپچىلىكنىڭ كۆرۈشى ئۈچۈن خەنزۇچە
كىتابلارنى كۆرگەزمە زالىغا قويۇشقا بۇيرۇق
بەردى. فىس شەھىرىنىڭ باشلىقمۇ ئىككى
قېتىم زىياپەت بېرىپ ھەرقايسى ئەل ۋەكىل-
لىرىنى كۈتۈۋالدى. 28-كۈنى پادىشاھ ئالىيە-
لىرى رابات ئوردىسىدا بارلىق ۋەكىللەرنى
قوبۇل قىلدى. ۋەزىر مېنى جۇڭخۇا خەلق
جۇمھۇرىيىتىدىن كەلگەن ئىمام دەپ تونۇشتۇر-
غاندا، پادىشاھ ئالىيلىرى تەبەسسۇم بىلەن
مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، مەن
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ پادىشاھ ئالىيلىرىغا
يوللىغان سالامىنى يەتكۈزدۇم، پادىشاھ،
سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمەن!
دېدى.

ماراكەش خەلقى بىلەن بولغان دوستانە
ئالاقە داۋامىدا، ئۇلار جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ
دىنىي تۇرمۇشى، روزا تۇتۇشى، تەراۋىھ نامى-
زىنى ئوقۇش ئۇسۇلى قاتارلىق مەسىلىلەرنى
تەپسىلى سورىدى، مەن ئەھۋالنى چۈشەندۈر-
گەندىن كېيىن، ئۇلار خۇشال ھالدا: "بەك
ئوبدان ئىكەن!". "بىز ئالللاتائالادىن مۇسۇل
مانلارغا بەخت ئاتا قىلىشنى تىلەيمىز"
دېيىشتى.

www.uyghurkitap.com


# ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى جۇڭگونى زىيارەت قىلدى

يېشىللىق ھەم گۈل پۇراقلىرى بېيجىڭنى قاپلىغان ياز پەسلىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مۇقەددەس زېمىن — مەككىدىن جۇڭگوغا خىزمەت ئۈستىدە زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن مېھمان، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىبى شەيخ مۇھەممەت ئىبنى ناسىر ئەبۇدى قاتارلىق ئىككى كىشىنى كۈتۈۋالدى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتا، مېھمانلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى قوشۇمچە باش كاتىبى نۇرمان. ماشيەنىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بېيجىڭ، تيەنجىن، كۆكخوت، كۇنمىڭ، شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت قىلىپ، زىيارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تاماملىدى.

شەيخ ئەبۇدى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ كونا دوستى، ئۇ 1984 - يىلى ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، ئېلىمىزنى زىيارەت قىلىپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىدا گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغانىدى. ئۇ بۇ قېتىم جۇڭگوغا ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىبى دوكتۇر مۇھەممەت ئۆمەر نەسىفنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى جۇڭگودا ئاچماقچى بولغان ئىسلام دىنىي تەشۋىقاتى يىغىنى مەسىلىسى ئۈستىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

مېھمانلار بېيجىڭدە بولغان چاغلىرىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى، جەمئىيەتنىڭ مۇدىرى شېن شياشى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى نامىدىن شەيخ ئەبۇدىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن جۇڭگوغا قايتا كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى، كونا دوستلار قايتا ئۇچرىشىپ، بەك يېقىنلىق ھېس قىلىشتى؛ شەيخ ئەبۇدى زور قىزىقىش بىلەن جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىمتىھان مەيدانىغا كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان بېرىش ئەھۋالىنى



ئۇقۇشتى. شەيخ ئەبۇدى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بېيجىڭدىكى چاغدا مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلە-
ھەت كېڭىشىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى بۇرھان
شەھىدىنىڭ سەممىي، قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا ئېرىشتى؛ گوۋۇيۈەن دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى رېن ۋۇجىمۇ مېھمانلارنى قوبۇل قىلدى.

مېھمانلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇللىرى ۋە خادىملىرى بىلەن ئىسلام
دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ ئىسلام دىنى تەشۋىقاتى يىغىنىنى جۇڭگودا ئېچىش ئىشى ئۈستىدە دوستانە
سۆھبەت ئېلىپ باردى ھەمدە بىردەك پىكىرگە كەلدى.

ئۇلار باشقا جايلاردا زىيارەتتە بولغاندا، شۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا
ئۇچرىدى، جايلاردىكى ئالاقىدار رەھبەرلەر ئۇلارنى قوبۇل قىلدى ۋە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالدى.
شەيخ ئەبۇدى يەنە جايلاردىكى مەسچىتلەردە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇدى ھەمدە
قىزغىن ھېسسىيات بىلەن نۇتۇق سۆزلەپ، مۇسۇلمانلاردا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇنىڭدىن
باشقا مېھمانلار يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ مەشھۇر ئاسارە-ئەتىقىلىرىنى سەيلە ھەم ئېكسكۇرسىيە قىلدى.


6-ئاينىڭ 19-كۈنى شەيخ ئەبۇدى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىسى جۇڭگودىكى زىيارىتىنى مۇۋەپپەقى-
يەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مۇسۇلمان قېرىنداش-
لارغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئېلىپ ۋەتىنىگە قايتتى.

(ياڭ جىبو)

## سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مېھمان جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە
بىنائەن سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقى
ھەج-تاۋاپ مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق شەرقىي
جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرى ھاجىلىرىنى ھەج
قىلدۇرۇش شىركىتىنىڭ جۇڭگو ھاجىلىرىنى
ھەج قىلدۇرغۇچىلار ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى جەمىل ئابدۇراھمان مۇرشىد 3-ئاينىڭ
14-كۈنى بېيجىڭغا كېلىپ، جۇڭگو ئىسلام
جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرىنىڭ ھەمراھ-
لىقىدا، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، بېيجىڭ،
يىنچۈەنلەردە زىيارەتتە بولدى. 3-ئاينىڭ
22-كۈنى زىيارىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
تاماملاپ، ۋەتىنىگە قايتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، جەمىل ئەپەندى
جۇڭگو ھاجىلىرىنى ھەج قىلدۇ-
رۇش-كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىغا
مەسئۇل بولۇپ جۇڭگو ھاجى-
لىرىنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇش-
لۇق ئورۇنلىشى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىپ كەلدى. ئۇ بۇ
قېتىم جۇڭگوغا سەئۇدى ئەرە-
بىستانى پادىشاھلىقى مەككە
ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى،
ھەج-تاۋاپ ئالى كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى سەئۇدى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

# ھاجىلار ھەج ـ تاۋاپنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلاپ، ۋەتەنگە ئامان ـ ئېسەن قايتتى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان، ئۆمەك باشلىقى ئىبراھىم روزى ۋە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ۋۇ باۋجېن ئاخۇنۇم باشچىلىقىدىكى ھەج ئۆمىكى بۇلتۇر 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، ئىسلامئاباد ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە شەھىرىگە بېرىپ، ھەج ـ تاۋاپ قىلدى. مەزكۇر ئۆمەك 13 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قىرغىز قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىماملار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەزكۇر ئۆمەك سەئۇدى ئەرەبىستانىدا بولغان مەزگىلدە، ئۆمەك باشلىقى ئىبراھىم روزى پادىشاھ بەرگەن كاتتا كۈتۈۋېلىش يىغىنىغا تەكلىپ بويىچە قاتناشتى ھەمدە ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتۇر نەسىف، مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەبۇدى ئەپەندى قاتارلىقلار بىلەن كۆرۈشتى. ھەج ـ تاۋاپ ئىشى تاماملانغاندىن كېيىن، ئۆمەكنىڭ بەش نەپەر ئەزاسى ئىبراھىم روزىنىڭ يېتەكچىلىكىدە پاكىستاندا دوستانە زىيارەتتە بولدى. قالغان 19 كىشى مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ۋۇ باۋجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان بۇ ھەج ئۆمىكىدىن باشقا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يەنە شىنجاڭ، نىڭشىيا، چىڭخەي، گەنسۇ، يۈننەن، خېنەن، شەنشى، سەنشى، سىچۈەن، ئىچكى موڭغۇل، شەندۇڭ، شىزاڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىن 278 نەپەر مۇسۇلماننى 7 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا ئۇيۇشتۇردى. بۇنىڭغا شىنجاڭ، گەنسۇ، چىڭخەي قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن توغقان يوقلاپ ھەج قىلىشقا بارغان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى قوشقاندا، بۇلتۇر جەمئىي بىر مىڭ 500 دىن ئارتۇق ئادەم ھەجگە باردى. ئېلىمىزدىن ھەجگە بارغانلارنىڭ ھەج پەرزىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىشى ئۈچۈن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى يەنە 12 كىشىدىن تەركىب تاپقان ھاجىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۆمىكى ئەۋەتتى، ئۇلار ئىسلامئاباد، جىددە، مەككە، مەدىنە قاتارلىق جايلاردا جۇڭگو ھاجىلىرىنىڭ تاماق، ياتاق، قاتناش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە ۋىزا ئېلىش، ئايروپىلان بېلىتى ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بېرىپ، ھاجىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

جۇڭگولۇق ھاجىلار 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا پۈتۈنلەي ئامان ـ ئېسەن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بولدى.

(مايۈنفۇ)

ئىبنى مۇھسىن شاھزادىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، ئېلىمىز مۇسۇلمانلىرى تەقدىم قىلغان ئىككى قارچۇغىنى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن، ئۇ بېيجىڭدە بولغان چاغلىرىدا، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنى جۇڭگونى زىيارەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغانلىقى ۋە قىزغىن كۈتۈۋالغانلىقىغا سەممىي رەھمەت ئېيتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، شاھزادە مۇھسىننىڭ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ۋە نىڭشىيا ئىسلام مەدەنىيىتى مەركىزىگە تەييارلىق قىلىش ھەيئىتىنىڭ بىردىن قارچۇغا تەقدىم قىلغانلىقىغا ئېيتقان رەھمىتىنى يەتكۈزدى.

(مۇستافا)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ج ك پ مەر-كىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يەن مىڭفۇ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى يىغىن سەھنىسىدە.





ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يەن مىڭفۇ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا سۆز قىلىۋاتىدۇ.



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا سۆز قىلىۋاتىدۇ.
(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى سۇ شېڭجى تارتقان)

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى مۇھەممەت سالىھ قۇرئان كەرىمدىن تەفسىر قىلماقتا.



شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام شۆيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھارۇنخان ھاجى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا قىرائەت قىلىۋاتىدۇ.



ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدىكى كۆرۈنۈش (بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى سۇ شېڭجى تارتقان)